XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION



# شنجاڭ مەدەنيتى

5

1992



سەنئەتكارلىرىمىز

مەشھۇر تىياتىر - كومېدىيە ئارتىسى ئەمەت تۇمەر (1916 - 1987)

تۇردى ئېلى فوتوسى

## لى رۇيخۇەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئىدىيىنى ئازاد قىلىش لازىم، دەپ كۆرسەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۆكخوت، 10 - ئاۋغۇست تېلېگراممىسى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لى رۇيخۇەن بۈگۈن كۆكخوتتا ئۆتكۈزۈلگەن ئىچكى موڭغۇل ئۇلانۇچىر سەنئەت بايرىمىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئىدىيىنى ئازاد قىلىش لازىم. خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ساغلام، پايدىلىق، ئامما ياقتۇرىدىغان ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە، سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە زىيىنى يوق، بەدىئىيلىكى بىر قەدەر ياخشى، ئامما ياقتۇرىدىغان ئەسەرلەرگىمۇ قارشى تۇرمايمىز.

لى رۇيخۇەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىنىڭ روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە باشقا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر چوڭ ياخشى ۋەزىيەتكە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزگە ھەقىقىي خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ بېرىشى لازىم.

لى رۇيخۇەن ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدىيىنى ئازاد قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئۇزاقتىن بۇيان بەزى يولداشلىرىمىز ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولى، ۋەزىپىسى ۋە ئۆلچىمىگە قارىتا بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىدە بولۇپ كەلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت كۆڭۈل ئېچىش، گۈزەللىك، تونۇش ۋە تەربىيىلەش قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردە رول ئوينايدۇ، بىز ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي، تەربىيىۋى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمايمىز ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىزچىللىق كۆرسىتىمىز، بىراق، ھەممىلا ئەسەرنىڭ بۇنداق رولغا ئىگە بولاۋەرمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا بىز مەزمۇنى ساغلام، پايدىلىق ۋە ئامما ياقتۇرىدىغان ئەسەرلەرنى كۆپ ئىجاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە، سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە زىيىنى يوق، بەدىئىيلىكى بىر قەدەر ياخشى، ئامما ياقتۇرىدىغان ئەسەرلەرگىمۇ قارشى تۇرمايمىز، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىغا خىلاپ بولمىسىلا، ئۇلارغا ھەدەپ ئارىلىشىۋالماسلىق لازىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاددىي، بىر تەرەپلىمە ھالدا سوتسىيالىزم ياكى كاپىتالىزم دېگەنلەرنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلىگەن، ئىدىيىۋى، سىياسىي تەربىيىنىڭ رولىنى تەكىتلىگەن بىلەن «ئىككىگە خىزمەت قىلىش» ۋە «ئېچىلىش، سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغىلى، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى ۋە چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. جانلىق، تېتىك، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشكە پايدىلىق بولمايدۇ.

(«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1992 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى)

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

41- يىل نەشرى　　1992- يىل 5- سان (ئومۇمىي 198 - سان)

## بۇ ساندا

لى رۇيخۇەن ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئىدىيىنى ئازاد قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى 1

### يول ئاچقۇچىلار

باھار كۈيچىسىنىڭ تارىمدىكى ئىزلىرى........ (ئوچېرك)..................مۇختار ئابدۇقادىر 3

### ئەدەبىيات گۈلزارى

قېنى، ئۇ باغلار ........................ (پوۋېست)........................زوردۇن سابىر 8

### دۇنياغا نەزەر

زامانغا بېقىش توغرىسىدا..................................ئەنۋەر توختى 51

### مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى..............................غەيرەت ئابدۇللا 69
مۇقام ئۇستازى ئامانىيساخان ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش ۋە يېڭى ياسالغان قەبرىگاھىغا لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى..............................غەيرەت ئابدۇللا 71

### ئەخلاق ئادەم زىننىتى

سالام بېرىش پەرز، ئىلىك ئېلىش قەرز..............................كېرىم مەھمۇد 73

### خەتتاتلار مۇنبىرى

ھۆسنى خەتلەر..............................ھاجى ئەمەت يازغان 80

مۇقاۋىدا: ئەھمەد نۇرى (ماي بوياق رەسىم) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان). گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: قۇربان مامۇت، ساتتار توختى
بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

# باھار كۆچىسىنىڭ تارىمدىكى ئىزلىرى





(ئوچېرك)

**مۇختار ئابدۇقادىر**

14 ـ ئاپرېل، يېشىللىققا پۈركەنگەن تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى تۇپراق شايار دىيارى ئورۇق، ۋىجىكىكىنە كەلگەن، مېڭىش ـ تۇرۇشى يىگىتلەردەك تېتىك، خۇشخۇي، ئەمما يىللار يۈزىگە ئۇششاق ـ ئۇششاق قورۇقلارنى يالداما قىلغان بىر كىشىنى ئىپتىخارلىق ئىلكىدە كۆتۈۋالدى. ناھىيە رەھبەرلىرى باشچىلىقىدىكى° بىر قانچە ئون كىشى ئۇنى قارشى ئېلىۋاتقان مەيداندا قادالغان كۆزلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت نەزەرىدە تىكىلەتتى. ئۇ قارشى ئېلىشقا چىققان ئادەملەرنىڭ قوللىرىنى چىڭ ـ چىڭ سىقىپ كۆرۈشكەچ ئۇلاردىن سەمىمىي ھالدا تىنچ ـ ئامانلىق سورايتتى. ئېپى كېلىپ قالسا قىزىق چاقچاق



بىلەن ئەتراپىتىكىلەرنى پاراققىدە كۈلدۈرۈۋېتەتتى. ئۇنى تونۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنلەر ئەتراپىتىكىلەرگە ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرەتتى...

بۇ كىشى ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئاتاقلىق كومپوزىتورى، بارلىق سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، مول ئىجادىيىتى بىلەن خەلققە تونۇلغان 56 ياشلىق مۇنەۋۋەر ئۆزبېك سەنئەتكار خارىس ئاشۇرۇۋ بولۇپ، ناھىيە رەھبەرلىكى ئۇنى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئاقسۇدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 2 - قېتىملىق ناھىيە دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكىگە نومۇر تەييارلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى. خارىس ئاكا تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، شايارغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەشكىلگە ئارتۇقچە تەلەپ قويماي ۋە ئالاھىدە بولۇۋالماي، ئەتىسىلا خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئاۋۋال ئۆمەكتىكى ئارتىسلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن سەمىمىي سىرداشتى، پىكىر ئالدى. ئارتىسلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇلارغا مۇۋاپىق نومۇرلارنى تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇ ھەر كۈنى ھەممىدىن بۇرۇن رېپىتىس مەيدانىغا كېلىپ بولاتتى. سەككىز سائەت رېپىتىسىيە مەيدانىدىن ئايرىلماي، ئارتىسلارنىڭ نومۇر ئورۇنداش، رول ئېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى، ماھارەت ئۆگىتەتتى. ئۇنىڭ تەلىپى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى، ئورۇندالغان نومۇرلار سەل تەلەپكە لايىق بولماي قالسا قايتا - قايتا مەشق قىلدۇراتتى، تەلەپكە لايىق بولمىغىچە، ئۆزى رازى بولمىغىچە ئىككىنچى بىر نومۇرغا ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلمايتتى. گەرچە ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، كەچلىرى خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۇخلىماي يېڭى مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلاتتى. تېكىستىنى ئاھاڭغا سالاتتى. ئۇ، ناھىيىلىك كىنو - تىياتىرخانىسىنىڭ 2 - قەۋىتىدىكى كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق ئۆيگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ياتىقىدا بەزىدە ئىچىدىغان چايمۇ تاپقىلى بولمايتتى. بىراق، ئۇ ئىجاد قىلىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى. مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل يولداشلارغا شەخسىي تۇرمۇشى توغرىسىدا ھېچقانداق تەلەپ قويمايتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ قەلبىدە سەنئەتلا بار ئىدى، خالاس.

خارىس ئاكا شايارغا كېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى بىلەن بىرگە ناھىيە بازىرىدىن ئەڭ يىراق بولغان تارىم دەريا بويىدىكى تارىم يېزىسىنىڭ ئەڭ چەت، يىراق جايلىرىغا باردى. ئۇ بۇ يەردىكى توغراقلىقلار ئارىسىدا ياشاپ كېلىۋاتقان، ئۆمرىدە ناھىيە بازىرىغا بىرەر قېتىممۇ كېلىپ باقمىغان چارۋىچىلار، دېھقانلار، بېلىقچىلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىنچىكە سورايتتى، ئۇلارنىڭ ياسالمىلىقتىن خالىي، ئاڭلىماققا قوپالراق، ئەمما سەمىمىي يۈرەك سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلايتتى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ئۇلارنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «مانا بۇلار ھەقىقىي جاپاكەش، ئۇلۇغ كىشىلەر، بۇلار بولمىسا بىز يەۋاتقان ئاش، گۆش نەدىن كېلىدۇ؟!» دەيتتى، ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بارغان رەھبەرلەرگە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا سەمىمىي تەكلىپ پىكىرلىرىنى بېرەتتى. ئۇ، تارىم يېزىسىدىن — ئاشۇ چەت، يىراق جايدىن قايتار ۋاقتىدا ھېچبىرىمىز پەخىرلىنىدىغان تارىم

تۆپىرىقىنىڭ ئاق توپىسىدىن بىر سىقىم ئېلىپ يۈزىگە سۈرتۈپ كەتتى، ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭ ئۇ يەردىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى...

ئەڭ ئېسىل نەرسىلەر ئاددىي خەلق ئارىسىدىن چىقىدۇ. خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆككەندىلا تېخىمۇ مول ئىجادىيەت مېۋىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. خارىس ئاكا تارىم يېزىسىدىن قايتىپ كېلىپلا رېئاللىقتىن ئالغان ئىلھامىنى مەركەزلەشتۈرۈپ «تارىم كېچىسى» دېگەن قوش ئاۋازلىق ناخشىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇسسۇل كىرىشتۈردى. ئۇ دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئامما بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ تۇرمۇش ئۆگەندى، ئىلھاملاندى. ئۇ شايارغا كەلگەن ئىككى ئايغا يەتمىگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە «توي قوشىقى»، «مەشرەپ مېنىڭ»، «دىدارىڭغا قانسامچۇ»، «ئۇيغۇر قىزى»، «ھەرىكەت ـ بەرىكەت»، «بىزنىڭ ئاقسۇ ئېسىل جاي» قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق ناخشا ـ مۇزىكا ۋە ئېيتىشىشلارنى ئىجاد قىلىپ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ـ بۇ قېتىملىق سەنئەت كۆرىكىگە تەقدىم قىلدى. كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگىمۇ بىر قانچە ناخشىلارنى ئىجاد قىلىپ بەردى.

خارىس ئاكا شايار سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ناھىيە رەھبەرلىكىگە تەكلىپ پىكىر بېرىش ئارقىلىق ئون مىڭ يۈەن ئىقتىساد ھەل قىلىشىنى قولغا كەلتۈردى.

خارىس ئاكىنىڭ ھارماس ـ تالماس ئىجادچان روھى، ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان مەسئۇلىيەتچان، تەلەپچان، چىقىشقاق ئېسىل پەزىلىتى ئۆمەكتىكى ئارتىسلارغا زور ئىلھام ۋە ئىرادە بەخش ئەتتى. بۇنىڭ بىلەن بەزى ئارتىسلارنىڭ ئىلگىرىكىدەك «سۇنىڭ ئېقىشىغا، قازاننىڭ قاينىشىغا» بېقىپ ئىش تۇتىدىغان سۇس كەيپىياتى بىردىنلا جانلىنىپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان نومۇرلارنى تەلەپكە لايىق قىلىپ پىششىقلىۋالدى.

19 ـ ماي كەچتە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى كۆرەككە تەييارلىغان نومۇرلارنى ئاممىغا دوكلات قىلىش يۈزىسىدىن بىر مەيدان ئويۇن قويدى. بۇ كۈنى كەچتە بىر بېلەت ئىككى يۈەندىن سېتىلغان بولسىمۇ، 1200 كىشىلىك تىياتىرخانىنىڭ بىرمۇ ئورۇندۇقى بوش قالمىدى. تاماشىبىنلار ھەر بىر نومۇر ئاخىرلاشقاندا ئۇزاققىچە ئالقىش چاۋاكى ياڭراتتى. (ئىلگىرى بىر بېلەت بىر يېرىم يۈەندىن سېتىلسىمۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 500 ئەتراپىدا تاماشىبىن ئويۇنغا كىرەتتى.) بۇ بىر مەيدان ئويۇندىنلا 1900 يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلىندى. مانا بۇ خارىس ئاشۇرۇۋ باشچىلىقىدىكى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تۆككەن جاپالىق قان ـ تەرىنىڭ تۇنجى نەتىجىسى ئىدى.

خارىس ئاكا شايارىدىكى كۈنلەردە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگىلى 30 يىل بولدى. مېنىڭ ئىلگىرىلا جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ تۆۋەندىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈم ۋە قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلغۇم بولسىمۇ، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى، ئالدىراشچىلىق ئىچىدە بۇنىڭغا ۋاقىت يار بەرمىگەن ئىدى. بۇ قېتىم ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم بىر تەرەپتىن شايارنىڭ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچ قوشۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن

مەن ئۈچۈن تۇرمۇش ئۆگىنىشتىكى ياخشى پۇرسەت بولدى. سەنئەت مىللەتنىڭ پەخرى، ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى، سەنئىتى بولمىسا، ئۇ مىللەتنىڭ تونۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بۇ ئۆمەكنىڭ ئادەملىرى ئاز، يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ئىجاد قىلىدىغانلارنىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئۆمەكنىڭ سەۋىيىسى هازىرقى زامان سەنئىتىنىڭ سەۋىيىسىدىن خېلىلا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم. رېپېتىتسىيە جەريانىدا ئارتىسلارنىڭ سەنئەت نەزەرىيىسىگە بولغان چۈشەنچىسىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشتىم. هېس قىلىشىمچە، بۇ ئۆمەكتە ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە ئىدىيە تولۇق ئازاد بولمىغاچقا سەنئەت تازا راۋاجلىنالمىغان. ئۆمەكتىكى ياشلاردا ئىستىقبال زور، تەربىيىلىسە ياخشى نەتىجە يارىتالايدۇ. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ۋاقتىم يەتسىلا تۆۋەندىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىگە كۆپلەپ كېلىپ، ئۇلارغا ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە ياردەم قىلىمەن.

خارىس ئاكا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت هاياتى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن 1962 - يىلدىن باشلاپ كەسپىي كومپوزىتور بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. 1954 - يىلدىن هازىرغا قەدەر 600 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرچە، ئۆزبېكچە، قازاقچە، قىرغىزچە، تاتارچە چوڭلار ۋە بالىلار ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئىجاد قىلدىم، بۇنىڭ ئىچىدە 30 دىن ئارتۇق ناخشام مەملىكەت، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 -، 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەن هازىر «گۈلگە قونغان كېپىنەك» ناملىق بالىلار كونسېرتىنى تەييارلاپ نەشرگە بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، «گۈل رومال» ناملىق ناخشا تېكىستلىرى توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدىم.

مېنىڭ بارلىق نەتىجىلىرىم پارتىيە ۋە خەلققە مەنسۇپ. مېنىڭ مەقسىتىم ۋەتىنىمنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا بىر ئۇلۇش تۆھپە قوشۇش.

سۆھبەت ئاخىرىدا ئۇ مۇنداق دېدى:

— پارتىيە ۋە هۆكۈمەت ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتىدۇ. هەر قانداق بىر كەسىپتە نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پۇختا ئاساس ۋە ئوبدان شارائىت بولۇشى كېرەك. مەن بۇندىن كېيىن هەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ تۆۋەندىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنى يەنىمۇ قوللىشىنى ۋە يېقىندىن ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بىر قانچە ئارتىس بىلەن خارىس ئاكا ھەققىدە پاراڭلىشىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق بىر ئورتاق پىكىرنى ئاڭلىدىم:

— خارىسكام ئاتاقلىق كومپوزىتور بولسىمۇ، لېكىن قىلچىمۇ كىبىرى يوق، جۇشقۇن، خۇشپېئىل، چىقىشقاق كىشى ئىكەن، ئۇ بىزگە سەنئەت توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان بىلىملەرنى ئۆگەتتى. ئىلگىرى بىز مۇزىكىنىڭ نېمىلىكىنى تولۇق چۈشەنمەي ئۆتۈپ كېتىپتىكەنمىز، مۇزىكا ئورۇندىغاندا، ناخشا ئېيتقاندا چالا - پۇچۇق بولسىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىپتىكەنمىز، هازىر هەر بىر نومۇر ئۆلچەملىك ئورۇندىلىدىغان بولدى. قىسقىسى، خارىسكام كەلگەندىن كېيىن ئارتىسلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى بىر ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى دېيىشكە بولىدۇ. خارىسكامنىڭ بىزگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيۋاتىمىز ...

* * *

خارىس ئاكا 4 - ئىيۇن كۈنى شايار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار بىلەن ئاقسۇغا كەلدى، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن

رەھبەرلەر كۆرەك جەريانىدا ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن «دوستلۇق مېھمانخانىسى»دا تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. ئەمما ئۇ نېمىشقىدۇر «دوستلۇق مېھمانخانىسى»دا بىر كېچە تۇرۇپلا ئەتىسى شايار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەر تۇرغان ۋىلايەتلىك پاختا - كەندىر شىركىتىنىڭ مېھمانخانىسىغا قايتىپ كېلىپ، ھەر قانداق پائالىيەتلەردە ئارتىسلار بىلەن بىرگە بولدى. رېپېتىس قىلىشنى زادىلا توختاتمىدى.»

10 - ئىيۇن چۈشتە كۆرەكنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشقانلىقى جاكارلىنىپ، نەتىجىلەر ئېلان قىلىنغاندا بۇ پېشقەدەم كومپوزىتورنىڭ چېھرىدە مەمنۇنلۇق، خۇشاللىق كۈلكىسى جىلۋە قىلدى. ئۇ نېمىشقا شادلانمىسۇن؟! چۈنكى شايار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى «مۇنەۋۋەر ئويۇن قويۇش مۇكاپاتى»غا، ئۇنىڭ شايارغا كېلىپ ئىجاد قىلغان «تارىم كېچىسى» دېگەن ناخشىسى «مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپ ئىككى ئايلىق جاپالىق ئەجرى ئاخىرقى ھېسابتا شېرىن مېۋىلەرنى بەرگەن ئىدى.

مەن شاياردا مۇخبىرلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە خارىس ئاكا بىلەن تونۇشۇپ، ئوبدانلا چىقىشىپ قالغان ئىدۇق، ئۇ ئاقسۇدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ئىككىمىز ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالدا خوشلاشتۇق، ئەمما بۇ باھارنى كۈيلەپ ھارمايدىغان باھار كۈيچىسىنىڭ يارقىن ئوبرازى، خۇشخۇي، چىقىشقاق، باھاردەك ئىللىق مىجەزى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. قەلبىمدە ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغىلاتتى.

مەن سەنئەتخۇمار خەلقىمىز نامىدىن ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر، ئىجادىيىتىگە يېڭى ئۇتۇقلارنى تىلەدىم.

## ئەقىل ئۇنچىلىرى

△ كۆڭۈلگە ياقىدىغان يالغان سۆزنى پۈتۈن يۇتۇۋېتەلەيمىز؛ ئاچچىق بىلىنگەن ھەقىقەتنى بولسا ئازدىن تېتىپ كۆرىمىز.

—دىدېروت

△ ئادەت ئىككى قولىمىزنى كالاماپاي، كاللىمىزنى دۆت قىلىپ قويىدۇ.

△ ماختاش ۋە ئەيىبلەشتىن باشقا بىز ئۆزىمىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەيمىز.

—نېتزى

△ نادانلىقتىن ئۈچ بىخ ئۆسۈپ چىققان. بۇلار: قارانىيەت، ساختا شۆھرەت ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىبارەت.

△ ئەيش - ئىشرەت - مىللەتنى زەئىپلەشتۈرۈشنىڭ باشلىنىشى.

—كۇبا

△ باش - خەزىنە، تىل - ئاچقۇچ، كۆز - قاراۋۇل، قول-بايلىق.

—ئىران

△ نۇرغۇن مال - دۇنيا سەرپ قىلىپ يېتەلمىگەن نەتىجىلەرگە بىر ياخشى سۆز بىلەن يېتىش مۇمكىن.

—ئەلىشىر نەۋائىي

△ نەپسىنى قىيغان ئادەمنىڭ دۈشمەنلىرى ئوڭاي يېڭىلۇر.

—ئىبنى ئەرەبىي

△ يىللار بىزگە تەجرىبە سوۋغا قىلسا، كىتاب بىزگە بىلىم سوۋغا قىلىدۇ.

—ئوستروۋىسكى

△ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دېسەڭ، ئىرادەڭ دوستۇڭ بولسۇن، تەجرىبىلىرىڭ مەسلىھەتچىڭ بولسۇن، ئېھتىياتچانلىقىڭ ھەمرىيىڭ بولسۇن.

—ئىدىسون

تۈپلىگۈچى: ھەبىبۇللا روزى




(پوۋېست)

زوردون سابىر

**1**

— جېنىم ئاداش، ساڭا نېمە دەپ جاۋاب بەرسەم بولار-ھە؟ مەن سېنى بۇ نەرسىلەرنى بىلىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. سەن كىچىككىدە ھەممىگە قىزىقاتتىڭ، «ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش» قا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتىڭ. ئېسىمدە، سەن ھەرھەپتىدە ئەدەبىيات كۇرژوكى، فوتوگرافىيە، سەنئەت كۇرژوكلىرىغىمۇ قاتنىشاتتىڭ. ساڭا «غولام كۇرژوك» دېگەن لەقەم بىكار قويۇلمىغان ئىدى. شۇنچە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئوتتۇز بەش يىلدىن كېيىن جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن ئىلىمنىڭ نەق مەنىسىنى بىلمەيمەن دېسەڭ، ساڭا نېمىمۇ دەرمەن ئادىشىم.

— ئادەم ئەيىبلەيدىغان خويۇڭ قالماپتۇ-دە، رەخى، ئالىم بوپسەنۇ، خويۇڭ ئۆزگەرمەپتۇ. چىرايىڭمۇ بۇرۇنقىدەك، ئاۋازىڭ سىلىقلىشىپ قاپتۇ، ھېلىقى «ئىگىچ...» نى تاشلاپسەن. ئەمما لېكىن ئادەم چۈشەنمەيدىغان گەپلىرىڭ كۆپىيىپ كېتىپتۇ جۇمۇ. نېمە؟ سوكىيولوگىيە دېدىڭما ئاداش؟ بىئولوگىيە

ئېكولوگىيە، زوئولوگىيە، گېئولوگىيە دېگەنلەرنىمۇ بىلىمەن. زادى بۇ «لوگىيە» نىڭ سانى قانچە؟ ھا-ھا-ھا... بىلمەيمەن دېدىڭما؟ رەخمى، سېنىڭمۇ بىلمەيدىغىنىڭ بار ئىكەنغۇ؟ بوپتۇ، چۈشىنىدىغان تىل بىلەن ئېيتقىنا، زادى نېمە ئۆگەندىڭ، نېمىلەرنى قىلدىڭ، نېمىنىڭ ئالىمى بولدۇڭ؟

— نېمە ئۆگىنەتتىم، ئۆز كەسپىم: جەمئىيەتشۇناسلىق. بۇ بىر خىل ئىجتىمائىي پەن. بۇ، جەمئىيەت ۋە جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل پەن. يەنىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتە دەمسىنا؟ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئىجتىمائىي ھاياتى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي قىلمىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل پەن.

— ئاداش رەخمى، تېخىمۇ ئوچۇقراق ئېيتالامسىنا؟ سەن مېنى ئاشۇ «ئىجتىمائىي» لارنى قالتىس چۈشىنىدۇ دەمسىنا، ياق، يېرىم - ياتا بىلىمەن ئاداش. بىزنىڭ مۇشۇ يېزىدا ھەممىدىن بىلىملىك ئادەم مەن. بىكار بولسام-لا كىتاب ئوقۇيمەن، گېزىت كۆرىمەن، پاراڭ سورۇنلىرىدا ھەممىنى ئاغزىمغا قارىتىمەن. ھەممىلا ئادەم بىلمىگەنلىرىنى مەندىن سورايدۇ. لېكىن ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى ئالدىدا ساۋاتسىزمەن. نېمىگە كۈلىسەن، بىز دېگەن شۇنچە يىللارنى ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزدۇق. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقتىمنى ئەمگەك قىلىشقا سەرپ قىلدىم دېگىنە؟ ھېسابلاپ كۆرسەم بۇغداي ئورۇش، كېسەك قۇيۇش، تامچىلىق قىلىش، ئۆستەڭ چېپىش، ھارۋا ھەيدەش، ئوغۇت چىقىرىش، يول ياساشقا ئوخشاش دېھقانلار قىلىدىغان ئىشلارغا 35 يىلنىڭ 20 يىلى سەرپ بوپتۇ. كۆپ ئۆمرىمىز ئەمگەككە كەتتى. سېنىڭ بەلكى 80 - 90 پىرسەنت ۋاقتىڭ ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكەندۇ، بولمىسا قانداقسىگە ئالىم بولالايتتىڭ؟

رەخمى ئوسمانوۋ بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ دوستىنىڭ قورۇق باسقان تار پېشانىسىگە، ئۆمچۈك تورىدەك قورۇقلار ئارىسىدا پىلدىرلاپ تۇرغان سەممىي، يېقىملىق كۆزلىرىگە قارىدى. بۇندىن 35 يىل ئىلگىرى بۇ پېشانىغا پۈتۈلگەن بەختمۇ قورۇقلاردەك روشەن ئىدى، مۇنۇ پىلدىرلاپ قالغان كۆزلەردە ئۇ چاغدا شادلىقتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ئەجەبا بەخت بىلەن شادلىق نىسپىي، ئۆتكۈنچى نەرسىمۇ - ھە؟ دۇرۇست، 35 يىلدىن بېرى بۇ ئىككى دوست ئىككى قىتئەدە — بىر - بىرىدىن ئون نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا ياشىدى. يېڭى ھايات دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئالدىنقى يېڭى دەۋردە — بۇندىن تەخمىنەن 14 مىڭ يىل ئىلگىرى قەدىمكى مايمۇندىن ئۆزگەرگەن ئادەملەر مۇشۇ ئاسىيا بىلەن ئافرىقا قىتئەسىدە پەيدا بولغان تۇرۇقلۇق، بۇ ئادىمىزات بۆشۈكىنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى كېيىن تېپىلغان ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ بۈگۈنكى ئادەملىرىدىن شۇنچىلىك ئارقىدا قالغانمۇ - ھە؟ جەمئىيەتشۇناس بولغان رەخمى ئوسمانوۋ ھەربىر ئادەم، ھەر بىر شەيئىدىكى ئۆزگىرىشتىن جەمئىيەت، دەۋر سېلىشتۇرمىسىنى بىلىشكە ئادەتلەنگەن ئادەم بولغاچقا دوستىنىڭ سوئاللىرى بىلەن چىرايىدىن چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدىمەكچى بولدى. ئۇنىڭ خىيالىنى دوستى يەنە بۆلىۋەتتى:

— ھە، يەنىمۇ ئوچۇقراق ئېيتقىنا، جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن نېمىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ؟ بىلىۋالاي-دە، ئەتىلا چىقىپ پو ئاتاي، ھە، ئېيتە قېنى؟

— بۇ بىر يېڭى پەن ئەمەس ئاداش. پەيدا بولغىنىغا بىر يۈز ئەللىك يىلدەك بولدى. سوكىيولوگىيە — فرانسۇزچە گەپ، جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن سۆز. فرانسىيە پەيلاسوپى كوندې بىرىنچى قېتىم بۇ ئىسىمنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا...

— توختا، يەنە بىر دېگىنە، يېزىۋالاي، قاچان ئۆتكەن ئالىم ئۇ؟

— پاھ، تىجەللىكىڭنى قارا. ياز، ئۇ ئالىم 1838 - يىلى جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن ئاتالمىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇ ئىلىمنى سىستېمىلىق ئىزاھلىغان، شۇڭا ئۇ بۇ ئىلىمنىڭ ئىجادچىسى. ساڭا ئوچۇقراق ئېيتىپ بېرەي، ماقۇل: ئۆي - جاي، ئولتۇراقلىشىش، نوپۇس، ئائىلە، ئىشقا ئورۇنلىشىش، جىنايەتئۆتكۈزۈش، تەمىنلىنىشكە ئوخشاش نۇرغۇن مەسىلىلەر بۇ پەننىڭ تەتقىق قىلىدىغان ئوبيېكتلىرى.

— پاھ، قالتىس پەنكەن جۇمۇ ئاداش بۇ، ھە، قېنى سۆزلە، ئالدىرىما، ھەممىنى يېزىۋالاي.

— قارا سېنى، ھە، يازە ئەمىسە: سوكىيولوگىيە ئىلمى ھازىر تەرەققىي قىلىپ كەتتى. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ئىجتىمائىي قۇرۇلما، ئىجتىمائىي كۈچ، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش، ئىجتىمائىي گەۋدە قاتارلىقلار ھازىر جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇۋاتىدۇ، بۇ پەننىڭ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش. 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناس ئالىمى ھود جەمئىيەتشۇناسلىقنى نەزەرىيەۋى جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىشلىتىش جەمئىيەتشۇناسلىقى دەپ ئىككىگە بۆلدى. ھازىر ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا بۇ پەندىمۇ نۇرغۇن ئېقىملار بار: بىئولوگىيە ئېقىمى، جۇغراپىيە ئېقىمى، پسىخولوگىيە ئېقىمى، ئىجتىمائىي كۈچ (ئۈنۈمدارلىق) ئېقىمى قاتارلىقلار بار. 1949 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قارمىقىدىكى مائارىپ، ئىلىم - پەن كومىتېتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نورۋېگىيىنىڭ ئوسلو شەھىرىدە خەلقئارا جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلدى. مەن بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسىمەن ئاداش.

— چوڭكەنسەن ئاداش، ياشاپ كەت جۇمۇ، — غولام ئەپەندىنىڭ ئۆچۈشكە ئاز قالغان جىن چىراغتەك غۇۋا نۇر چېچىپ تۇرغان كۆزلىرىدە چىن يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان خۇشاللىق، پەخىرلىنىش ھېسلىرى جىلۋىلەندى. ئۇ، دوستىنىڭ شان - شەرىپىدىن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدىغان پاكىز كۆڭۈل ئادەملەردىلا بولىدىغان بىر خىل ھاياجان بىلەن يېنىدا — تېكىمەت ئۈستىدىكى تاۋار كۆرپىدە سۇنايلىنىپ ياتقان دوستىنىڭ مۈرىسىگە ئۇنىڭ قولىنى قويدى ۋە، — ئاداش، ھېلىقى سېنىڭدىن خەت - خەۋەر ئالالمىغان يىللاردا بىز - كېرى، غەنى، يۇسۇپلەر ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇۋېلىپ سېنىڭلا گېپىڭنى قىلىشتۇق: بىرىمىز ليۇتچىك بوپتۇدەك دېدۇق، بىرىمىز ياق، خىمىيە ئالىمى ئىكەن، مىندېلېۋ جەدۋىلىدىكى بوش ئورۇندىن بىرسىنى تولدۇرۇپتۇ، ئۇ تاپقان يېڭى ئېلېمېنت ئورانىدىنمۇ قىممەت ئىكەن، شۇڭا ئۇ نوبېل مۇكاپاتى ئاپتۇ دېيىشتۇق. يەنە بىرىمىز تېخى بىزنىڭ رەخى يېڭى راكېتا ئىجاد قىپتۇ دېسەك، يەنە بىرىمىز مېنىڭ ئاڭلىشىمچە رەخىم ئوسمانوۋ كاتتا دوختۇر بوپتۇدەك، مىدىتسىنا ئالىمى ئىكەن، يۈرەك، ئۆپكە، كۆزلەرنىمۇ ئالماشتۇرالايدىكەن دېيىشتۇق. ئىش قىلىپ، نېمىنى ئاڭلىساق، خىيال قىلساق شۇنى دېدۇق. سېنى زامانىمىزدىكى ئەڭ كاتتا ئادەملەر قاتارىدا ھېسابلىدۇق. دېگەنلىرىمىز خاتا ئەمەسكەن، قارىغىنا، قانداق كاتتا ئالىم بولغانسەن رەخى. بىزنىڭ سەھرانىڭ ئەڭ بىلىملىك ئادىمى سېنىڭ يېنىڭدا خۇددى چوڭ قارىياغاچ ئاستىدىكى بۇيىغا ئوخشاپ قالدى. يالغانمىدى، نېمىگە كۈلىسەن، سەن ئايۇپكامىنىڭ ئېتىزىدىكى ئۈچيۈز يىللىق بىقارىياغاچ، مەن ئۇنىڭ سايىسىدىكى بىر تال بۇيا.

— توغرا بولمىدى غولام، — دېدى ئوسمانوۋ بىردىنلا جىددىي تۈسكە كىرىپ، — ئۆزۈڭنى بۇنچە كىچىكلەتمە دوستۇم، ھەر ئادەم ئۆزىگە سۇلتان، سېنىڭ ئاجايىپ چاغلىرىڭ بولغان، مەنمۇ سېنى دائىم ئويلاپ يۈردۈم. يۇرتلۇقلارنى كۆرگەندە ئەڭ بۇرۇن سېنى سورىدۇم. سېنىڭ ياش ۋاقتىڭدىكى تالانتىڭ توغرىسىدا كۆرگەنلا ئادەمگە سۆزلەپ يۈردۈم. بالىلىق قانداق گۈزەل-

ھە؟ يوغان قورساق تورۇق بايتالغا ئۈچ يېرىدىن باغلانغان قاشقا بېدە ئارىلاش چۆرگۈلۈنىنى ئارتىپ، ئوغاقنى چۆپكە سانچىپ قويۇپ، چۆپ ئۈستىدە ئاتقا مىنگەشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئولتۇرۇۋاتقان قۇياش بىلەن سۆزلەشىش، شەپەقتىن پەيدا بولغان قىپقىزىل بۇلۇتلارغا سوئال قويۇش؛ بۇغداي يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئىدىرلىققا قاراپ ئۇچۇۋاتقان قاغىلارغا بۆكىمىزنى پۇلاڭلىتىپ قوشاق توقۇش قانداق كۆڭۈللۈك ئىدى-ھە؟ ئۇ چاغلارنى دائىم ئەسلەيمەن ئاداش!

— ھەي، كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ رەخى، جېنىم ئاداش، شۇ چاغلارنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغىلى بولسىدى-ھە؟ مېنىڭ ھەممە تالانتىم، ئەقىللىقلىقىم شۇ چاغلاردىلا كۆرۈلگەن چېغى. ئەمما لېكىن ئادىشىم، چوڭ بولغانسېرى دۆتلىشىپ ماڭدىم، مانا ھازىر تازا دۆتلەشكەن، تازا ئۇنتۇغاق بولغان چېغىم مۇشۇ. بايا دېگەنلىرىڭنىڭ بىرىمۇ ئېسىمدە قالمىدى. خاتىرىدىنى يېنىمدىن نېرى قىلماي يۈرىمەنمۇ، ھېلى قىلغان ئىشىمنى ھازىرلا ئۇنتۇيمەن، بەزىدە بالىلىرىمنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن، خوتۇنىمغۇ «ھەي» دەپ ئۆگىنىۋەلگەچكە ئىسمىنى سوراپمۇ قويمايمەن. توققۇز بالام، يەتتە نەۋرەم بار دېگىنە، بۇلارنى چوڭ قىلغىچە بېشىمىز ئۇچاق، قولىمىز كۆسەي بولۇپ، كۆرمىگەننى كۆردۇق جۇمۇ. بەش-ئالتە يىل بولدى، ئەمدىلا ئۇچام جا سارجا كۆرۈپتۇ، خادانى چاپان، ئىشتان، بىر سومۇلۇق سېرىق شەپكە بىلەن قىسقا قونچىلىق چوقاي (چۇخەي) پۈتۈن يازلىق — ھەم ئۆي ئىچى، ھەم مېھمانداللىقىمىز ئىدى. ئېسىيادىمىز بالىلارنىڭ قورسىقى، كىيىمى، ئوقۇشى، ئۆيىنىڭ كەم-كۈتىسى بىلەن تۇرسا، بىز نەدىنمۇ بىلىم ئۆگىنەلەيمىز. سۆزلىگىنە رەخى، كۆرگەن، بىلگەنلىرىڭ بىر تاغ، مېنىڭ كېچە-كۈندۈز سۆزلىسەممۇ تۈگىمەيدۇ. ئەمما لېكىن، ياخشى كەسىپ تاللاپسەن، جەمئىيەتشۇناس دېگەنىڭ كاتتا گەپكەن. ئىرسىيەت دېگەنمۇ شۇنىڭ تارمىقىمۇ ئاداش؟

غولام ئەپەندى پوكىنىغا پېسىۋالغان ماموق ياستۇقنى ئېلىپ تاشلاپ بەدەشقان قۇردى-دە، تىزىغا خاتىرە دەپتىرىنى قويدى.

رەخىم ئوسمانوۋ كۈلۈپ تۇرۇپ، دوستىنىڭ تىزىغا ئۇرۇپ قويۇپ، ئادىتى بويىچە قويۇق چاچلىرىنى سول بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويدى. ئۇنىڭ دولقۇنلۇق قويۇق چاچلىرى تامامەن ئاقارغان، دەسلەپكى كۈزنىڭ ئىللىق قۇياشى سېخى نۇرلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۈمۈشتەك چاچلىرىنى نۇرلاندۇرغاندا ھويلىدىكى قويۇق ئالمىلىق ئارىسىدا قېرى خوراز سوزۇپ چىللىدى. خورازنىڭ ئاۋازى «كىر» قىلىپ توختىغاندا رەخىم ئوسمانوۋ كۈلۈپ كەتتى:

— يەنە شۇ قەدىمكىدەك-لا-ھە؟-دېدى ئۇ يوغان، خىيالچان، قاپقارا كۆزلىرى بىلەن دوستىغا قاراپ قويۇپ،-يادىڭدىمۇ، بىزنىڭ ھېلىقى قىزىل خوراز ئىتلار بىلەن سوقۇشاتتى. تېپىلدىغان بولسا ئىتلار قاڭشىپ كېتەتتى. بايا شۇ خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلدىما!

— خورازلارنىڭ ھەممىسى قېرىغاندا شۇنداق چىللايدۇ-دە، بىزگە خوتۇنلار توغرىسىدا گەپلەشىش خوشياقمىغاندەك ئۇلارغىمۇ چىللاش خوشياقمايدۇ. توۋا، قېرىغاندا بىلىم ئىشقىدا كۆيگىنىم نېمىسى؟ ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. بىلىم-يېڭىلىق بولسىلا، باشقا گەپكە رايىم تارتمايدۇ. تېلېۋىزوردىن، گېزىت-ژۇرنالدىن ئوقۇپ ئىككى خاتىرە توشقۇزۇپ، يېڭىلىق — بىلىم يازدىم. خۇدايىم ماڭا سېنى يەتكۈزدى. سەن بىر قامۇس دېگىنە، قېنى سۆزلىگىنە، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئىرسىيەت، تالانت ئىلمى، نوپۇسشۇناسلىق دېگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ ئاداش.

— يارايسەن غولام، يارايسەن ئاداش. خېلى جىق بىلىدىكەنسىنا. يېقىندا ساناغانلىرىڭنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر پەن. ھازىر پەننىڭ تۈرى كۆپىيىپ كەتتى. مۇشۇ جەمئىيەتشۇناسلىقنىلا ئالساڭ، بۇ پەن نەزەرىيەۋى جەمئىيەتشۇناسلىق،

ئىشلىتىش جەمئىيەتشۇناسلىقى (ئۇيغۇرچىسىنى دەۋاتىمەن جۇمۇ)، شەھەر جەمئىيەتشۇناسلىقى، يېزا-قىشلاق جەمئىيەتشۇناسلىقى، جۇغراپىيىلىك جەمئىيەتشۇناسلىق، ئائىلە جەمئىيەتشۇناسلىقى، جىنايى قىلمىش جەمئىيەتشۇناسلىقى، ئىنسانشۇناسلىق، ئىجتىمائىي دارۋىنىزىم دېگەندەك توققۇز-ئون تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلاردىن باشقا مەن بايا سەن دېگەن تالانتشۇناسلىق، نوپۇسشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ئىلمى (خوم-انتاس) قاتارلىق پەنلەرنىمۇ ئۆگەنگەن.

— نېمە، يەنە بىر دېگىنە، نېمە «تاس» دېۋىدىڭا؟

— خومانتاس، بۇ بىر لاتىنچە گەپ، ئاداش. تىل، ئەدەبىيات، رەسىم، مۇزىكا، ھەيكەلتىراشلىق، بىناكارلىق، پەلسەپە، تارىخ قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىر مىللەتكە باھا بېرىدىغان بىر خىل پەن. مەن بۇ پەنلەرنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى بىلمەيمەن. مەسىلەن: ئانتىروپولوگوس دېگەن سۆزنى ئىنسانشۇناسلىق دېدىم. توغرىمىكىن تاك. .

— ياخشى، يېزىۋالدىم ئاداش، سەن تەرجىمە قىلغاندىكىن توغرا بولىدۇ-دە. توختىغىنا، مۇشۇ تالانت نەزەرىيىسىگە قىزىقىۋاتىمەن، مۇشۇ ئىلىمنى قىسقىچە سۆزلەپ بەرگىنە ئاداش.

— تالانت ئىلمى دېدىڭما؟ تازا ياخشى ئىسىم قويۇدۇڭغۇ غولام. بۇ بىر يېڭى پەن، بۇ پەن مۇنداق ئۈچ تارماققا بۆلۈنىدۇ: تەبىئىي تالانت ئىلمى، بۇ پەن مېڭە ئاناتومىيە، ھامىلدارلىق تەربىيىسى، ئىرسىيەت، ئەلا نەسىل ئىلمى، ئۆزۈقلىنىش ئىلمى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. مانا مۇشۇ يول بىلەن ئادەم بالىسىنىڭ ئەقلىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يولىنى تاپىدۇ. ئىككىنچىسى، بەدەن تالانت ئىلمى، بۇ ئىلىم ئادەم بەدىنىنىڭ ئۆسۈش قانۇنىيەتلىرى، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئىجتىمائىي تالانت ئىلمى. بۇ ئىلىم تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، پەرقلەندۈرۈش، تاللاش، ئۆستۈرۈش، جايىدا ئىشلىتىش، ئۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەت، شارائىتلارنى تەتقىق قىلىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تېخنىكا، سىياسەت جەھەتتىكى تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىمۇ ئوخشىمايدۇ....

رەخىم ئوسمانوۋ ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ تېكىمەت سېلىنغان چوڭ، ئازادە ئۆيدە ئاستا مېڭىپ يۈرۈپ، رەسمىي لېكسىيە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنى بىر چوڭ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ لېكسىيە زالىدا ياكى بىر خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇنبىرىدە ھېسابلىسا كېرەك. تالانت ئىلمى، ئۇنىڭ ئورنى، ئەھمىيىتى، ھازىرقى ئەھۋالى، تەلەپ ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدا ئىلمىي نوتۇق بايان قىلماقتا ئىدى. ئۇ بىردە قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتاتتى، بىردە ئارقىسىغا قىلىپ ماڭاتتى، بىردە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بۇغداي ئۆڭ چىرايىدا جىددىي ۋە قەتئىيلىك پەيدا قىلىپ ۋارقىراپ قوياتتى، بىردە غولام چۈشەنمەيدىغان ئاتالمىلارنى قاتارىسىغا تىزىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئىسمىنى، ئۇلارنى كىملەرنىڭ بايقىغان، ئۆستۈرگەنلىكىنى، قايسى ئالىملار قانداق يېڭىلىق ياراتقانلىقىنى، بۇ ساھەدە، قايسى دۆلەتلەر قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سۆزلىمەكتە ئىدى. غولام ئەپەندى پۈتۈن زېھنىي ۋە دىققىتى بىلەن دوستىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىماقتا، خاتىرە يازماقتا. ئۇ «دوكلاتچى»غا قاراپ - قاراپ قوياتتى، بەزىدە سوئالمۇ سورايتتى، لېكىن دوكلاتچىنىڭ ئىككى كۆزى يۇمۇلغان، ئۇ، دوستىنى شۇ تاپتا ئاللىقاچان ئۇنتىغان. ئۇنىڭ قۇلىقىغا دوستىنىڭ ئاۋازى كىرمەيتتى. ئۇ ئىككى سائەت ئۆپچۆرىسىدە لېكسىيە قىلىپ ئاخىرىدا سۆزىنى:

— ئېغىر تەبىئىي ئاپەت بولۇۋاتقان سۇداندا، سومالىدا، بېنگالدا، ھىندىستاندا ۋە ئافرىقىنىڭ بىر قانچە دۆلەتلىرىدە ئاپەت ۋە ئاچار-

چىلىقتىن قانچىلاپ تالانت ئىگىلىرى نابۇت بولدى؟ ئىلىم تەرەققىي قىلىپ، تۆرەلمىدىن تالانت ئىگىسىنى بىلگىلى بولىدىغان دەۋر يېتىپ كەلمەكتە. لېكىن دۇنيا خەلقى گويا تالانت ئىگىلىرىگە تويۇپ كېكىرىپ كەتكەنكەندەك بۇ ئىشقا سالقىن قارىماقتا. نېمە ئۈچۈن نوبېل مۇكاپاتىنىڭ كاندىداتلىرى ياۋروپا - ئامېرىكا قىتئەلىرىدىنلا تاللىنىدۇ؟ ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى نوبېل ياۋروپالىق بولغاچقىمۇ ياكى شۋېتسىيە پادىشاھى ئىسكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدا ياشاۋاتقانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ دۇنيادا ئۆزىنى ئىلىمگە بېغىشلىغانلارنىڭ كۆپى ئاسىيا بىلەن ئافرىقىدا. چۈنكى ئۇلار ئىلىمگە ئەڭ تەشنا. كەلگۈسىدە كائىناتتا بايقىلىدىغان يېڭى يۇلتۇزنىڭ ئىسمى ھەرگىز ۋېنېرا، يوپىتېر، مېركورى... بولمايدۇ. ئۇ بەلكى لى لى ياكى ئاسىيا، تەيلاك، جەن يۈي... دېگەندەك نام بىلەن ئاتىلار. ئاسىيا يۇلتۇزلىرى چوقۇم پەيدا بولىدۇ، - دەپ تۈگەتتى. سۆزى تۈگەش بىلەن ئۇ كۆزىنى ئاچتى ۋە يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ چاۋاك چېلىۋاتقان دوستى غولامنى قۇچاقلاپ قاقلاپ كۈلدى.

- جېنىم ئاداش، - دېدى غولام ئاغىنىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ، - كۆردۈڭمۇ، خاتىرەم توشتى. 16 خىل ئىجتىمائىي پەن سېنىڭ كەسپىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ھەر بىرىدىن كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ ئىككى سائەتتىن سۆزلىسەڭ 32 سائەت دېگەن سۆز. سەككىز سائەتنى بىر كۈن دېسەك تۆت كۈن بولىدۇ-دە، تۆت كۈن كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ بىز ئاڭلىمىغان يېڭىلىقلارنى سۆزلىيەلەيدىكەنسەن. پاھ، نېمە دېگەن كارامەت بۇ؟ ئىچەيلى جۇمۇ، مەن ئۇزاق بولدى ئىچمىدىم. بۈگۈن ئۆلۈپ قالساممۇ ئىچىمەن. ھەي، بول دەيمەن. سېپىڭنى ئەكىرگىنە، ھېلىقىنىمۇ ئەكىر، بۇ چاقىقچە قۇرتلاپ كەتكەندۇ ئۇ ئالىي سورتلۇقۇم!...

## 2

رەخىم ئوسمانوۋنىڭ بۇ يېزىدا ھېچقانداق تۇغقىنى تېپىلمىدى. ئۇنىڭ يىراق تۇغقانلىرىمۇ 1950، - 1960 - يىللاردا چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ كىچىكىدە بىللە ئوينىغان، بالىلىق گۈزەللىكىدىن ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرغان مۇشۇ دوستى غولام ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، بۇندىن 35، 40 يىل ئاۋۋالقى يۇرتداش ۋە ئەل-ئاغىنىلىرىنى بىر - بىردىن سوراشتۇرۇشقا باشلىدى. بىر كۈن ئۆتمەيلا ئۇ يېزا خەلقى بىلەن تونۇشۇپ بولدى. غولام ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە بولغان يۇقىرىقى سۆھبەتنىڭ ئاخىرى ھاراق ئىچىش بىلەن باشلىنىپ چوڭ زىياپەت بىلەن ئاخىرلاشتى: مال سويۇلدى، ساز چېلىندى، ناخشا - ئۇسسۇل، قىزىق پاراڭ، كۈلكە، كۆز يېشى ... ھەممىسىلا بولۇپ ئۆتتى. مانا شۇ ئاخشامدىن باشلاپ يېزا خەلقى ئىچىدە يېزىمىزغا «دۇنياغا مەشھۇر بىر ئالىم كەلدى» دېگەن خۇشخەۋەر تارقالدى. شىنجاڭغا مەشھۇر، غۇلجىغا مەشھۇر، ناھىيىگە ياكى بۇ تۆت تۈگمەنگە مەشھۇر شائىرلار، ناخشىچىلار، چالغۇچىلار، سىياسىئون - رەھبەرلەر بۇ يېزىغا تالاي-تالاي كەلگەن. مەشھۇر شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ بىلەن مەشھۇر ناخشىچى ئابدۇۋەلى جارۇللايېۋ بۇ يېزىغا كەلگەندە بولغان ئىشلار، قىلىنغان سۆزلەر، ئون يىلدىن بېرى كۆپچىلىك ئىچىدە تەكرار - تەكرار سۆزلىنىپ كېلىۋاتىدۇ، لېكىن «دۇنياغا مەشھۇر» ئالىمنىڭ كېلىشى تېخى تۇنجى قېتىم.

- سۆزلىسە، گېپىنىڭ يېرىمى ئۇيغۇرچە، قالغىنى ئورۇسچە، ئىنگلىزچە، گېرمانچە، فرانسۇزچە، گرېكچە، ئىتاليانچە. ھەر قانداق بىر ئىشنى بىر ئىلىمگە سالالايدىكەن. ھەتتا چاشقاننىڭ سېزگۈرلۈكى بىلەن بوۋاقنىڭ قىغىشلىقىنىمۇ بىر پەنگە توغرىلىيالايدىكەن جۇمۇ، - دېدى يېزىلىق ھۆكۈمەت كاتىپى، ئونىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن چىرايلىق يىگىت يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى - چالا ساۋات، ئەمما ئىشچانلىقى، ئەستايىدىللىقى بىلەن ھۆرمەت تاپقان ساۋۇت خاپامباشى

ئەسسەلىمنىڭ ئۇختىغان ئادەمگە ئالىمنى تونۇشتۇرۇپ، ساۋۇت شياڭجاڭ، بىر سۆھبەتلەشسىڭىز ئۈچ ئايلىق كۇرسنى تۈگەتكەندەك بولۇپ قالىسىزكەن.

— پاھ، مانا قارا، ئالىمكەن دېگىنە، مەن تېخى ئالىم دېگەننى كۆرۈپ باقمىدىم. ئاڭلىسام ئۇ ئاۋەكرى تۈگمەنچىنىڭ بالىسىدەكەنغۇ. تۈگمەنچى پولات تاۋلاشتا رۇدا كولاۋېتىپ تاشنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەن.

— بالىسى قاچان چىقىپ كەتكەن ئەمەسمە؟

— قايسى يىلىكىنتاڭ، مەن پادا باقاتتىم ئۇ چاغدا. مۇشۇ غولام ئەپەندى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار شەھەردە ئوقۇيتتى. بىرىنچى بولۇپ، ئەڭ ئاۋال چاچ قويغانمۇ شۇلار، ئالدى تۈگمىلىك ئىشتان كىيىپ چىققىننى ئېسىمدە. گىمىستىركا (گىمناستۇركا) كىيىپ، بېلىنى تاسما پوتا بىلەن باغلاپ، پۇتىغا سەندەل كىيىپ، ئىزدىرەستىسى پارقىرايدىغان شەپكە كىيىۋالىدىغان. ئۇ شۇ چاغلاردا ئەرز يېزىشقا ئۇستا ئىدى. دادىسىنىڭ تۈگمىنىدە چاقپىلەكتىن توك چىقىرىپ، ئېلېكتر ياندۇراتتى دېگىنە!

— بۇ يېزىنىڭ تۇنجى ساۋاتلىقىمۇ شۇلاركەن - دە، ئەمەسمە؟

— شۇدە، سودىن ئوت چىقىشنى بىز ئاڭلاپمۇ باقمىغان - دە.

— ئەتە قاسىم قارىۋاينىڭ قىزىنىڭ تويىكەن. باغاق ئالغانسىز؟

— ئالدۇقتە. ئۇكام، ساڭا ئېيتىپ قوياي: ئۆيلەنمىسەم بولمىدى. بويتاقچىلىق جېنىمغا ئەڭ پاتتى. باللار چوڭ بولۇپ، بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتتى. يېنىمدا بوستان بىلەن قۇدرەتلا قالدى. بوستانمۇ بۇ يىل بىر يىل ئىشلىۋالسا تالانىڭ ئادىمى دېگىنە. قۇدرەتكە موتو بولسىلا بولدى. قارىماسەن چاچ قويۇشىنى ئۇنىڭ، بىر تۇپ قامقاقتەك پاخپايتىپ، كىيگەن ئىشتانلىرىچۇ، ئەڭ سەت... بۇرۇت قويۇۋالغىنىغۇ مەيلى.

— مودا ئەمەسمۇ ساۋۇت شياڭجاڭ.

— ھا - ھا - ھا... ئېيتقىنىڭىزغا غالىب، بىزدەك قېرى بويتاقلارنىڭ ياش خوتۇن ئېلىشى مودا ئەمەسمۇ؟ نى، نى، ئەڭ، ئەڭ قېرى كادىرلار قىزدەك بىر نېمىلەرنى ئېلىۋالىدىكەنغۇ. سەنمۇ ئاۋۇ گۈلزار قىزغا مېڭىپ باقماسەن، شياڭجاڭنىڭ بويتاق يۈرۈۋېرەمدۇ؟ ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ تاپقان لايىقلىرىنى قوي. ئەڭ قېرى، ساپلا قىرىقتىن ئاشقان، ئەسىقى قالمىغان تول خوتۇنلار.

— سىزگە شۇندىقى لايىق، ساۋۇت شياڭجاڭ. 50 تىن ئاشتىڭىز. گۈلزاردىن چوشىسىزا تېخى. ئۇ سىزنىڭ لايىقىڭىز ئەمەس ساۋۇتكا، چوڭ قىزىڭىز بىلەن تەڭدۇ ھەقىچان.

— تەڭ بولسا نېمە بوپتۇ. كىچىك قىزىم بوستان بىلەن تەڭ بولسا نېمە بوپتۇ؟ قايسىبىر ئۇلۇغلىرىمىز قېرىغاندا بويتاق قېلىپ قېرى خوتۇن ئاپتىكەن؟ ماي يەپ مۇزدا يات، قېرى خوتۇندىن نېرى يات دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ گۈلزارمۇ ئەڭ قېرى قىز، 31 گە كىردى دېگىنە!

— ئۇ تولىمۇ ئەخلاقلىق قىز، - دېدى كاتىپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، باشلىقىغا نارازى بولۇپ قاراپ قويۇپ — سىفەن شۆيۈەننى تۈگىتىپ، ئۆرۈمچىدە يەنە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرۇپ كەلدى. مۇئەللىملەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بىلىملىك، ئەخلاقلىقى شۇ. ھازىرغىچە بىرەر يىگىت بىلەن يۈرۈپ باقمىدى دەڭا.

— ئۇنىڭغا ئەمدى يىگىت نەدە، بىزدەكلەر ئۇنىڭ خېرىدارى، بىلمىسى بولسا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياققىدەك بىرسى تېپىلمىدى - دە. ئۇ ئۆزىدەك بىلىمگە بېرىلگەن، ئاڭ - سەۋىيىسى يۇقىرى ئادەم بىلەن توي قىلغۇدەك.

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى خېلى ھېلىقى ئالىم ئىكەن - دە. ھا - ھا - ھا... مۇنداقدە غالىب!

ساۋۇت ئۆزىنىڭ گېپىدىن ئۆزى چۆچۈپ ياتىرىپ كەتتى: «راستىنىلا شۇنداق بولۇپ

قالىسچۇ؟ مەن بۇ جېنىمنى نەدە قويىمەن، تېخى ئۇ ئالىمنىڭ غولام ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە چۈشكىنى، گۈلزار غولامنىڭ قېيىنى سىڭلىسى تۇرسا. بۇ چاغقىچە ئىشنى پۇشۇرۇپ بولدىمۇ تېخى. ئۇ ئالىم بويتاقمىش تېخى...»

ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ موخوركا بۇرىيالمىدى. غالىب ئۇنىڭغا بۇراپ بەردى-دە، ئۇنىڭ يوغان بۇرنىدىن باشقا يېرىنى قورۇق باسقان، تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە قارىدى:

— نېمە بولدىڭىز ساۋۇت شىياڭجاڭ، خاپا قىلىپ قويدۇمۇ نېمە؟

— ئەڭ خاپا قىلدىڭ. سەن خاپا قىلىشتىن باشقا نېمىنى بىلەتتىڭ. جېنىمنى سەن ئالىدىغان ئوخشىمامسەن كاساپەت. شىياڭجاڭلىقىمنى كۆزلىگەن بولساڭ هازىرلا بېرەي، ئەمما ئادەمنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلىدىغان گەپلەرنى قىل. هەدېسىلا گەپنىڭ شېخىنى يەرىسەن، بىلىگە تېپىسەن، زىتلىشىسەن.

— ماقۇل ئەمىسە، بۇندىن كېيىن يالغان گەپ قىلاي.

— يالغان گەپ؟

— راست گەپنى قىلسام رەنجىگەندىكەن ئەمىسە....

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى.

ساۋۇت «ئالىم» بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىدە موتىسىكلىتىغا مىندى. ئۇ ساقال-بۇرۇتىنى قىردۇرغان، كاستيۇم-بۇرۇلكا، شلەپە كىيگەن، يانچۇقىغا يېڭى قول ياغلىق سېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنۇتمىغان ئىدى. ئۇ يەنە نېمىنىدۇر ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ ئۇنتۇپ قالغان نېمىسىنى موتىسىكلىت تەپكىسىنى تېپىۋېتىپ موتىسىكلىت ئوت ئالغاندىلا ئېسىگە ئالدى. ئۇ بىر ئىستاكان «قېقىۋېلىش»نى ئۇنتۇغان ئىدى. قايتىپ ئۆيىگە كىرىپ ئىستاكاننى چايقىمايلا ئالدىراپ يېرىم ئىستاكان هاراق قۇيدى. هاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىپ ئۆز-ئۆزىگە: «هە، ئەمدى ئالىم-پالىملىرىڭدىن هودۇقمايمەن» دېدى.

بۈگۈن كەچمۇ غولامنىڭ هويلىسى ئادەمگە لىق، نە نەلەردىن، ناھىيە، شەهەردىنمۇ مېهمانلار كېلىشكەن. ئۆيدىن كۈلكە ئاۋازى كېلەتتى. هويلىدىكى يازلىق چايخانىدا ئاياللار ئالدىرىشىپ يۈرەتتى. ساۋۇت ئاياللار ئارىسىدىن دەرهال گۈلزارنى كۆرەلىدى: گۈلزار زىلۋا قەددىنى يادەك ئېگىپ قازانغا ئېگىلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مودا بويىچە قىسقا ياساتمىلىغان بۇدرە چېچى بۆلەكچىلا يالتىراق. «قىزىل پوپايكا، قىزىل يوپكا كىيىۋالغىنىغا قارىغاندا،— دەپ ئويلىدى ساۋۇت دەرهاللا،— بىرىنى ئۆزىگە قاراتماقچى بولغىنى ئېنىق. مېنىڭ كۆزۈمگە نېمىشقا بۇنداق كۆرۈنۈپ باقمىغان ئىدىڭ لەنىتى، سەن بۈگۈن ئەڭ، ئەڭ... چىرايلىق بولۇپ...»

— ياخشىمۇسىلەر خانىم قىزلار،— ساۋۇت موتىسىكلىتنى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا قويدى-دە، بىرىنچى بولۇپ ئاياللارغا سالام بەردى،— ياراسىلەر، كىيىكتەك چاققان، گۈلدەك چىرايلىق، ئەڭ قاملاشقانلىرىڭلار يىغىلغان ئىكەنسىلەر-دە!

ئاياللار بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ساۋۇتقا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

— قالتىس ياسىنىپ كەپسىز، لايىق تېپىلدىمۇ نېمە؟

— بۈگۈنمۇ ئۇسسۇل ئويناپ بېرەمسىز ساۋۇتكا؟

— رابەگۈلنىمۇ باشلاپ كېلەيلىمۇ؟

— ها-ها-ها... رابەگۈل يىراقراق تۇرسۇن، قېرىدى، تەرەتكە سۇ بېرىشكە يارىمايدۇ. ئەڭ، ئەڭ دۇرۇسى... هى-هى... ياشراق بولسۇن-دە!

— پاھ، تېخى ئۆزىنى ياش دەيدىكەن-دە، بۇ ساۋۇت خاپامباش،— دېدى بىر موماي خىرىلداپ كۈلۈپ،— قارىغىنا، قېرى خورازغا ئوخشاپ قاپسەن، بۇرنىڭدىن تەر قۇرۇمايدۇ، چىشلىرىڭمۇ تۆكۈلگەن چېغى. هالىڭغا باقماي رابەگۈلنى قېرى دەۋاتقىنىڭنى، قېرى دېگەن ئۆزۈڭ، مەندىن ئىككى ياشلا كىچىكسەن!

ساۋۇت مومايىنىڭ راست گېپىدىن خورلۇق ھېس قىلغان چېغى، مومايغا ئالىيىپ قويۇپ:

— گېپى ئەگ، ئەگ سېسىق جادىگەر، قاچان ئۆلىسەن، يىغلىغان بولۇپ بىر تىلىلىۋالاي! — دېدى ۋە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئاياللار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى. گۈلزار — چىرايلىق، لېكىن ئىسكەتتىن كەتكەن، ياسانغان، لېكىن چىرايىدىكى «قېرى قىز» لىق بەلگىلىرىنى ياپالمىغان، ئاق يۈزلۈك، قارا كۆزلۈك، ئىككى تال چېچى ئازراق سىرتىغا تەپكەچكە لەۋلىرى سەل قېلىنراق بىلىنىدىغان، يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچىسى ساۋۇتنىڭ كەينىدىن تىك تۇرۇپ قارىدى. شىپاڭجاڭنىڭ بۇ قىز بىلەن يوشۇرۇن ئېتىشىپ يۈرگىنىگە بىر يىلدىن ئاشقان، شۇڭا قىز ئۇنىڭدىن تولىمۇ بىزار بولغاچقا مومايىنىڭ گېپىدىن ئۇ ھەممىدىنمۇ تولاراق خۇشال بولدى، شۇڭا ئۇ تولىمۇ ھوزۇرلىنىپ قاقاقلاپ كۈلدى.

لېكىن ساۋۇت قىزنىڭ خۇشاللىقىنى باشقىچە چۈشەندى. ئۇ: «بۈگۈن ئۇنىڭ كۈلكىسىمۇ باشقىچە، قارا، ئاۋازىنىڭ سازلىقىنى، ئۇ بەلكى مېنى مازاق قىلىپ كۈلمىۋاتقاندۇ، ياكى دۇنياغا داڭلىق ئايال بولمىدىغان بولدۇم، دەپ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتقاندۇ، ياكى كۈلكىسى بىرلىرىگە ئىشارىدۇ، بىرلىرىگە سوۋغا — سالامدۇ...» دەپ ئويلىدى-دە، مېھمانلار لىق ئۆيگە تۈرۈلگىنىچە كىرىپ كەلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەنزە ئەگ ...

— كېلىڭ ساۋۇت شىپاڭجاڭ!

ئادەملەر ئورنىدىن دۈررىدە تۇرۇپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتى. ساۋۇت قائىدە بويىچە پەگادىن تۆرگە قاراپ، ئوڭدىن سولغا بىرمۇ-بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، پەكوس يېنىدا ئۆرە تۇرغان يوچۇن مېھماننىڭ ئالدىغا بارغاندا:

— سالامەت كەپسىز، ھۆرمەتلىك ئالىمىمىز. مەنزە ئەگ كېچىكىپ كەلدىم، ئەپۇ قىلىڭ! — دېدي.

— ساۋۇت، بۇ سەنمۇ ئاداش! مېھمان ئۇنى قۇچاقلاپ، يۈزىنى يۈزىگە ياقتى، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىگە سۆيدى. ئەرلەرنىڭ ئەرلەرنى سۆيۈشى ساۋۇتنىڭ قارىشىچە بىر خىل ئەخلاقسىزلىق ئىدى، ئۇ دەرھال يېڭى بىلەن ئىككى مەڭزىنى ئېرتتى.

— قورقما ھوي، — دېدى غولام ئەپەندى چاقچاق قىلىپ، — رەخى كالپۇكىغا قىزىل سۈرمەيتتۇ. قارىغىنا، شۇ ھېلىقى رەخى مۇشۇ. سەن بۇلارنىڭ تۈگمىنىدىن كېچىلىرى كەپتەر تۇتۇپ، مۇشۇكلىرىگىنى باقاتتىڭغۇ!

— ھەي ئۇ زامانىنىڭ مۈشۈكلىرى، — دېدى ساۋۇت ئەمدىلەتتەن ئېچىلىپ، — كالا گۆشى يېمەيتتى، بىز، قېرىنلارغا قاراپمۇ قويمايتتى. قۇشقاچ، چۈجە، كەپتەر گۆشى بېرىدىسەن دەپ مىياۋلايتتى!

— ھا — ھا — ھا...

كۈلكىدىن كېيىن دۇئا، دۇئادىن كېيىن يەنە تېنچلىق سورۇشۇش، ئاندىن كېيىن چاقچاق، كۈلكە، بالىلىقىنى ئەسلەش باشلىنىپ كەتتى:

— چىمۋۇقىنى ئات قىلىپ، ئويغاق تارتىشلارچۇ!

— رامزان ئېيتىپ يىغقان نانىنى رۇخسارى مومايغا بەرسەك، ئۇ قېرىنىڭ مېنى دىۋانە كۆرۈشتۈڭمۇ شۇملار دەپ بىزنى كۆسەي بىلەن ئۇرۇپ قوغلاپ كەتكەنلىرىچۇ؟

— پاقپاق قوراي سېغىزى ئالىمىز دەپ ئالاقاردا پاتقاق كېچىپ يار بېشىغا بارغاندا ساۋۇت خاپابىاشنىڭ ياغاق شالۋۇرىنى بۇلغىۋالغىنىچۇ؟ ھا-ھا-ھا ... ھى-ھى-ھى...

— خام كاۋا يېگەنىمىدىڭ ئۇ چاغدا ساۋۇت؟ ھا-ھا-ھا ... ھى-ھى-ھى...

— قارنى يامان ئەمەسمۇ، مۈشۈكلىرى بىلەن خام گۆش تالاشقان گەپ! ھا — ھا-ھا... ھى-ھى-ھى ...

— پاھ، ھەجەپ چاغلاركىنا — ھە، كالىلار

تالادا ياتاتتى، ھويلىلار غورۇلانمايتتى، خامانلاردا چەش بۇغدايلار ھەپتە - ھەپتىلەپ قىزىل پېتى تۇرۇۋېتەتتى، ئوغرى دېگەن يوق ئىدى. سوڭگۇچتىن ئۆمىلەپ، شورا ئاتلاپ باغدىن - باغقا شۇڭغۇپ يۈرۈپ، مېۋىنىڭ يېگىنى يېشىقىنىنى يەيتۈق. قوغۇن - لوقلاردا قارانچۇقتىن باشقا خوجايىن بولمايتتى. ھازىرچۇ؟ ئەسكى سۇپۇرگىنىڭمۇ ئوغرىسى بار. بىر تال سويمىغا بىر بالىگىنى پوست قويمىساڭ قوغۇن يېيەلمەيسەن!...

— ئاڭلىدىڭمۇ رەخمى، مانا سېنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىقىڭغا ماتېرىيال. جاھان قانداق ئۆزگەرگەن - ھە؟

— قالتىس ئۆزگەردى، ئالىمىمىز كۆرگەن - سىز، - دېدى ساۋۇت ئوسمانوۋنى «سەن» لەشكە تېخىچە پېتىنالماي، - سىز تونۇيدىغان كونا ئۆستەڭ، كونا ئۆيلەرنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىدىغۇ دەيمەن. ئوتتۇز ئۆيلۈك، ئۆيلەر شالاڭ - شالاڭ، كوچىلىرى ئەگرى - بۈگرى يېزا ئەمدى يوق. ئەڭ، ئەڭ قالتىسى بىزنىڭ مەسچىت. ھازىر بۇ كەنتتە 280 ئۆيلۈك بار دەڭا، بىر - بىرىمىز يەتتە - سەككىز بولدۇق. مېنىڭلا ھازىر بەش يەردە قورۇ جايىم بار. بىرىدە ئۆزۈم، قالغان تۆتىدە تۆت ئوغلۇم ئولتۇرىدۇ. قايسى كونى ساناپ باقسام، تۆت قورۇ جايدا 22 ئېغىز ئۆي بار ئىكەن. ھەممىسىدىلا ئەينەك دېرىزىلىك، كىگىز - كېچەككە لىق دەڭا. ئەڭ، ئەڭ قالتىسى!...

— ساۋۇت شاڭجاڭ باشقىسىنى قوي، ھازىر قانچە ئاشناڭ بار، شۇنى دېگىنە!

پېنسىيىگە چىققان ئاشلىق كادىرى قورۇلغان، گۆشىمىز يۈزىنى سىلاپ قويۇپ، يوغان كۆزلىرىنى ئويناتىپ تۇرۇپ، ھەيرانلىق بىلەن ساۋۇتقا قاراپ كۈلدى.

— سەن بىلەرسەن ماشىكا بولغاندىكەن، - دېدى ساۋۇت ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويغاندىن كېيىن يوغان بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن ئېتىۋاتقان تەرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، - ئالىمىمىز، گەپنىڭ ئەڭ ئەسكىلىرى چىققىلى تۇردى، مەنمۇ بىر ئەسكى ئىشنى سوراپ قوياي: چەت ئەللىكلەر كوچىلاردىلا سۆيۈشىدۇ دەيدۇ، راستمۇ؟

— ئەلبەتتە سۆيۈشىدۇ، - دېدى رەخىم ئوسمانوۋ كۈلۈپ قويۇپ، - ياخشى كۆرۈشنىڭ بەلگىسى بولغاندىكەن بۇنىڭ نېمە يامان يېرى بار؟ ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى تەن ئالماسلىق، ياكى ئىچ - ئىچىدىن يامان كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلاپ - سۆيۈش مانا بۇ ئىنساننىڭ ئەيىبى.

— پاھ، پاھ، قالتىس گەپ بولدى، - دېدى ساۋۇت خۇشال بولۇپ، - راست ئەمەسمۇ؟ خۇدايىم تىل بەرگەن تۇرۇپ ئەلچى قويىمىز. كۆڭلىمىز چۈشكەن بىرىگە ئۆيلىنىۋالىمىز، بىز ھايۋانكەنمىز - دە.

يېزا ئادىتى ئاجايىپ: باغاق، تەكلىپسىزلا «كۆڭۈل ساناپ» كەلگۈچىلەر ئىككى ئېغىز - لىق چوڭ ئۆيگە تولدى، ئاياللار بىلەن باللار ھويلىغا لىق.

ھاراقتىن كېيىن ناخشا، ناخشىدىن كېيىن ئۇسسۇل باشلاندى. ئوبدانلا قىزىۋال - غان ساۋۇت شىلەپىسىنى كۆزىگە كىيىۋېلىپ شۇنداق ئويناىدىكى، نە ناخشا پەدىلىرى، نە مەرغۇللار ئۇسسۇلسىز قالمىدى. بىردە پىرقىراپ، بىردە تىزلىرىنى پۈكۈپ، بىردە مورە ئويناتتىپ، بىردە ساراي، بىردە دالان، كۆپىنچە ھويلىغا چىقىپ، ئاياللارنى ئارىلاپ تۇختىماي ئوينىدى. ئۇنىڭ بويۇنلىرىدىن تەپچىپ ئاققان تەرىنى غۇلام ئەپەندى يېڭى لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ قوياتتى. ئۆرە تۇرۇپ ھاراق بېرەتتى، ئاغزىغا چوكا بىلەن «زاكوسكا» سېلىپ قوياتتى. ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۇسسۇلىدىن زوق ئالغان كىچىكلىكىدەك، خۇشخۇي ئادەملەر ئەمدى ئۇنىڭ ئۇسسۇلىدىن بىزار بولۇشتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چىرايلىق ئاياللارنىڭ ئالدىدا كېلىپ بىر پۈتىنى

پۈكۈلۈپ - تىزلىنىپ، شالاڭ قاشلىرىنى، يوغان قولاقلىرىنى ئوينىتىپ «تەكلىپ قىلىشلىرى ئەرلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئاياللار ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرسا ئۇ ئارقىدىن خۇددى خورازدەك قوغلىدى.

- قارا بۇقا، قارا بۇقا! - دەپ ۋارقىرىدى ئاشلىق كادىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، رۇمكىسىنى ھاۋادا ئوينىتىپ، قوتانغىچە قوغلا!

ساۋۇت گۈلزار قىزنى پىرقىراپ، تولا ئۇسسۇلغا تارتىۋىدى، سىڭلىسى ئۈچۈن غولامنىڭ ئايالى ئويناپ بەردى. لېكىن ئۇ قانائەت قىلمىدى. ئاخىر گۈلزار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ساۋۇت بىلەن بېقىشىپ ئىككى - ئۈچ ئايلاندى - دە، بۈگۈنكى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشنىڭ ئېزىز مېھمىنى - رەخىم ئوسمانوۋنى ئۇسسۇلغا تارتتى. رەخىم ئوسمانوۋ تەبىئىي، سىلىق ھەرىكەت بىلەن ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن ساۋۇتنىڭ غەزىپى كەلدى. پۈتۈن ئۆمرى قاتتىق كۈنچىلىك، ئاياللار بىلەن ھەپىلىشىش بىلەن ئۆتكەن بۇ ئادەم ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلالمىدى. ئۇ ئوسمانوۋنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- ياۋروپالىق ئەپەندى، قېنى بايا دېگىنىڭىزدەك قىلىڭ، گۈلزارنى سۆيۈپ قويۇڭ! - دېدى.

گۈلزار ساۋۇتقا ئالىيىپ قويۇپ دەرھال قاچتى، لېكىن ساۋۇت ئۇنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ:

- مېھماننى ياۋروپاچە كۈتۈشكە قارشىمۇ سىز، ھەي ئەڭ، ئەڭ زامانىۋى، مەدەنىي خانىم! - دېدى.

- بۇ يەر ئاسىيا، - دېدى قىز كۈلۈپ قويۇپ، - ياۋروپادا بولغان بولسام شۇنداق قىلاتتىم.

-ئاز قالدي، ياۋروپالىق بولسەڭ قىزچاق، -دېدي ساۋۇت پەس ئاۋازدا، - ھەممىنى بىلىپ بولدۇم، سەن مۇنۇ ئاقباش ئاداشقا ئاشىق، سېنىڭ كۈتكىنىڭ كەلدى. ئەمدى بوينى بوش قويۇۋەتمە!

ئۇ بىرسىنىڭ قولىدىكى رومكىسىنى تارتىۋېلىپ ئۈستىگە تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدى - دە، بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ سىرتقا ماڭدى.

سورۇن شۇنىڭ بىلەن جىمىدى. مېھمانلار تارقىغاندىن كېيىن غولام ئەپەندى كالا ئېغىلىدىن ساۋۇتنى تاپتى. ئۇ مىزاينىڭ يېنىدا خورەك تارتىپ ئۇخلىماقتا ئىدى.

غولام ئەپەندى بىلەن رەخىم ئوسمانوۋ ئۇنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ ئورۇنغا ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن غولام ئەپەندى ساۋۇتنى ماختاشقا باشلىدى:

- ئاقكۆڭۈل، كۆيۈمچان، تولىمۇ ئىشچان باشلىق ئۆزى، - دېدى ئۇ ساۋۇتنىڭ قولىنى كۆكرىكىدىن ئېلىپ قويۇپ، - خۇشاللىقى ئىچىگە پاتمىدى ئەتىمالىم. ئۇمۇ بىزنىڭ تۈپىمىزنىڭ ئىچىدە بار ئىدى، لېكىن بالا چېغىدا تولىمۇ نامرات يېتىم ئىدى. مانا قېرىغىنىدا ياپراپ - ئېچىلىپ يورۇپتۇ.

- بۈگۈن بىر ئادەم فېروئىدنىڭ ئۈچ تەركىبلىك نەزەرىيىسىنى ئىسپاتلىدى، - دېدى رەخىم ئوسمانوۋ يېنىك كۈلۈپ قويۇپ، - مەن بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىگە زەڭ قويۇپ ئولتۇردۇم، ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن ئۇ شېھتىرلىق روھىي ھالەتكە ئۆتتى. ئاخىر روھىي ھالاكەت بىلەن بۈگۈنكى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇردى.

- ياق، بۇ بىر تېپىلغۇسىز ياخشى ئادەم. تولىمۇ ئادىل، كۆيۈمچان، ئەستايىدىل.

- مەن ئۇنى ئەيىبلىمىدىم، دېمەكچىمەنكى: ئۇ ئاۋۋال ئادەم، ئاندىن كېيىن ياخشى ئادەم بولغاچقا ئۈچ تەركىبلىك قانۇندىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ. ھەممىلا ئادەم شۇنداق.

— توختىمىنا يېزىۋالاي، — دېدى غۇلام
ئەپەندى ئالدىراپ دەپتەر — قەلىمىنى
ھازىرلاپ، — ھەي گۈلزار، مانا فېروئىدزىم
ھەققىدە لېكسىيە باشلاندى، تېز كېلىڭ
سىڭلىم، ئاڭلىۋېلىڭ!

بۈگۈن بۆلەكچىلا شادلانغان، چىرايلىق
ياسانغان گۈلزار ئۆيگە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك
كىردى — دە، رەخىم ئۇسمانوۋنىڭ يېقىنىغا
كىرىپ، ئۆزى ئۈچۈن سىرلىق ۋە قىزىقارلىق
تۇيۇلغان بۇ ئادەمنىڭ يوغان، خىيالچان قارا
كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ، يېنىك «ئۇھ»
تارتىپ قويۇپ:

— زادىلا بىلەلمەي يۈرەتتىم، چۈشىنە —
ۋالمىدىغان بولدۇم. فېروئىد توغرىسىدا
ئاڭلىغان، لېكىن چالا — بۇلا. رەخىمجان
ئاكا، ئوبدانراق سۆزلەپ بېرەمسىز —
كەن، — دېدى.

— شېگىمۇنت فېروئىد، — دېدى رەخىم
ئوسمانوۋ تورۇسقا قاراپ قويۇپ، — ئاۋىستىرد —
يىلىك پسىخولوگ، روھى كېسەللەر دوختۇرى،
روھىي ئانالىز ئىلمى ئېقىمىنىڭ كەشپىيات —
چىسى. ئۇمۇ ماركستەك، ئېيىنشتېيىندەك،
ئىلمىيا ئىرىنبورگ، پاستىرناكلاردەك يەھۇدى.
ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى ئېيتىمامۇ بىلار؟

— سۆزلە ئاداش، يېزىۋالاي، كاتتىلارنىڭ
تەرجىمىھالىمۇ قىزىق بولىدىكەن.

— ماقۇل ئەمىسە، فېروئىد 1856 — يىلى
تۇغۇلغان، 1939 — يىلى تاماق راكى بىلەن
ۋاپات بولغان. ئۇ ئاۋۋال ۋېنا ئۇنىۋېرسىتېتى —
نىڭ تىببىي ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1885 —
يىلى پارىژغا بېرىپ، نېرۋا كېسەللىرى
نەزەرىيە ئالىمى ژان مارتىن چاركوتتىن
غالجىرلىق كېسەللىكى تەتقىقاتىنى ئۆگەنگەن...

رەخىم ئوسمانوۋ خۇددى كىتاب ئوقۇپ
بېرىۋاتقاندەك، ياكى ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ
بېرىۋاتقاندەك سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ، فېرو-
ئىدنىڭ ھاياتىغا دائىر چوڭ — چوڭ ئىشلارنى،
ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، چىقارغان گېزىت —
ژۇرنال، كىتابلىرىنى بىرمۇ — بىر تىلغا
ئالدى. ئاخىرىدا فېروئىد نەزەرىيىسىنىڭ
مېغىزى ئۈستىدە توختالغاندا چۈشۈنىشلىك
قىلىپ سۆزلىدى:

— شۇنداق، — دېدى ئۇ غۇلامغا، بولۇپمۇ
پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاغزىغا قاراپ قالغان
گۈلزارغا كۈلۈپ قاراپ قويۇپ، — ئۇنىڭ
نەزەرىيىسى ئادەمنىڭ پسىخىكىسىنى تەتقىق
قىلىشتىن كېلىپ چىققان. ئۇ، ئادەمنىڭ
پسىخىك جەريانىنى ئومۇملاشتۇرۇپ دەسلەپ:
ئاڭسىزلىق، تۆۋەنكى ئاڭ ۋە رەسمىي ئاڭ
دەپ ئۈچ قاتلامغا بۆلىدۇ. ئادەم ھايۋانلار —
دەك دەسلەپ نۇرغۇن ئىشلارنى تەبىئىتى
بويىچىلا قىلىدۇ، ئىككىنچى باسقۇچتا — ئىش
قىلىش جەريانىدا دەسلەپكى ئاڭ پەيدا
بولىدۇ، دەسلەپكى ئاڭدىن شارائىتنىڭ
تەسىرى بىلەن ھەقىقىي ئاڭ پەيدا بولىدۇ
دەپ كۆرسىتىدۇ. ساۋۇتنىڭ توختىماي
ئۆسۈل ئوينىشى ئۆز تەبىئىتى خالىغان
ئاڭسىز ھەرىكەت، ئۇسسۇل ئۇنىڭ قەلب
خۇشاللىقىنى ئىپادىلەش ۋاسىتىسى، ئۇسسۇل
ئويناش جەريانىدا ئاياللار ئۇنىڭدا دەسلەپكى
جىنسىي ئىستەك ئېڭىنى پەيدا قىلدى.
ئاخىر بۇ ئىستەك تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىگە
جۆرە تاللاش ئېڭىنى شەكىللەندۈردى. ناۋادا
ئاياللار بولمىغان بولسا ئۇنىڭ بۈگۈنكى
ھەرىكىتى ئاڭسىز ھەرىكەت — ئۇسسۇل
بىلەنلا چەكلىنىپ قالاتتى.

— ھەممىنى قىلغان ئاياللار دېگىنە!

— ۋېيىيەي تېخى!

— نەق شۇنداق، بۇ ئۈچ باسقۇچلۇق
جەريانىنى فېروئىد كېيىن ئۈچ تەركىبلىك
نەزەرىيە دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۈچ
تەركىبنىڭ بىرىنچىسى «ئىد»، ئۇنى
فرانسۇزچە ئىد (Id) دەپ ئاتىدى، ئىككىنچىسى
«ئۆزلۈم» بۇنى فرانسۇزچە ئېگو (EgO)

دېدى، ئۈچىنچىسى «ئۆزىدىن ئۈستۈن» بۇنى فرانسۇزچە سۇپېرىگو (Superigo) دەپ ئاتىدى.

— توختا ئاداش، فرانسۇزچىسىنى يېزىپ بەرگىنە.

— مانا مۇنداق!

رەخىم ئوسمانوۋ لاتىنچە ھەرپلەر بىلەن ئۈچ ئىسىمنى يوغان قىلىپ يېزىپ بولۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— «ئۇ» ئەسلىدىكى تەبىئىي ئىنتىلىش جەريانىدا كېلىپ چىققان تەبىئىي ئالامەتنىڭ ساقلىنىش جايى. ئۇ «شادلىق پرىنسىپى» بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. «ئۆزۈم» بولسا سىرتقى دۇنيانىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدىغان ئۆزگىرىشچان رولغا ئىگە ئامىل، ئۇ «ئەمەلىي پرىنسىپ» بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. «ئۆزىدىن ئۈستۈن» بولسا ئاشۇ «ئۆزۈم» دىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر تەركىب، ئۇ «ئىنساپ پرىنسىپى» بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ.

— ياھ ھوي! — دېدى غولام پېشانىسىگە ئۇرۇپ، — لاگارىفمىدىنمۇ تەسكەن بۇ فورمىلا، ئاداش. خۇدا ھەققى بىر تال ئۇققان بولسام.

— سىزچۇ گۈلزار؟

— ئاز - تولا ئۇقتۇم.

— قېنى سۆزلەپ بېقىڭە ئەمىسە، ئەپەندى بولغاندىكىن چۈشەندۈرۈشكە ئۇستىراقسىز، — دېدى غولام قەلىمىنى قويۇپ قويۇپ، قېيىن سىڭلىسىغا بېشىنى بۇراپ.

— مېنىڭچە، فېروئىد فىزىئولوگىيە قانۇنى بويىچە جانلىقلار پسىخىكىسىنى تەھلىل قىلغان. ئىنسان ئالىي دەرىجىلىك ھايۋان، ئۇنىڭ ھايۋانغا ئوخشايدىغان تەرىپىنى ھېلىقى «ئۇ» بىلەن يەنى «ئىد» بىلەن ئىپادىلىگەن.

— تەپتوغرا سىڭلىم، تازا جايىدا، قېنى سۆزلەڭ، — دېدى رەخىم ئوسمانوۋ قىزنىڭ قوللىرىنى قىسىپ قويۇپ خۇشاللىق بىلەن، — سىز ياخشى چۈشەندۈرىدىكەنسىز.

— مەسىلەن، — دېدى قىز قىزارغان يۈزىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن چىڭ تۇتۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — تاماققا، راھەتكە، ئۇيقۇغا، كۆڭلى خالىغان بىر دوستقا ئىنتىلىش تەبىئىي خاھىش. مەسىلەن، كالا ئوت، ئاداپقا ئىختىيارسىز يۈگۈرىدۇ. ئىت گۆشنى كۆرسە ئۆزىنى ئاتىدۇ. مانا بۇ تەرەپ ئادەمنىڭ ھايۋانلار بىلەن بولغان ئورتاقلىقى.

— ياھ، بۇ باسقۇچتا تۇرۇۋېلىش چاتاق - كەن - دە، شۇنداقلار تولا جۇمۇ! - غولام ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى.

— ئىككىنچى باسقۇچ «ئۆزۈم» يەنى «ئېگو» بولسا ئىنتىلىشتىن ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدا ئادەمنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتى ئىشقا چۈشىدۇ. ستىخىيىلىك، ئەسلىدىكى ئىنتىلىشنى «ئەقىل» كونترول قىلىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. رېئاللىققا قاراپ ئىش قىلىدۇ: نومۇس، قورقۇش، پايدا - زىياننى ھېسابقا ئېلىش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى پىكىر دائىرىسى ئۆزىدىن نېرى كەتمەيدۇ.

— مانا بۇ ھايۋاندىن ئەقىللىق، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلەرنىڭ پىكىر قىلىش باسقۇچى ئىكەن - دە! دېدى غولام ئەپەندى ھاياجان بىلەن.

— ناھايىتى توغرا، فېروئىدنىڭ تەكىت - لەيدىغىنىمۇ مانا مۇشۇ باسقۇچ، يەنى ئىنسان - نىڭ دەنپەئەتپەرەسلىكى، - رەخىم ئوسمانوۋ قوشۇمچىلاپ بولۇپ قىزنىڭ قولىنى يەنە قىسىپ قويدى، - ناتىقكەنسىز سىڭلىم، قېنى سۆزلەڭ.

— ئۈچىنچىسى، - دېدى قىز خۇشاللىق، بەخت تۇيغۇسى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى

مېھمانغا تەكلىپ، - «ئۆزىدىن ئۈستۈن» يەنى «سۇپېردىگو» باسقۇچىدا ئىنسان ئۆزىنى ئەمەس، باشقىلارنى، جەمئىيەتنى ئويلايدىغان پەزىلەت باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. يەنى خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ئىرادىسىگە ئىگە بولالايدۇ.

قىز نومۇس قىلىپ يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن يېپىۋالدى.

- ياخشى، - دېدى رەخىم ئوسمانوۋ، - مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋاقتىمدا بۇنى دېگەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ئېڭىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇرۇش دېگەنلىكىم ئۈچۈن تەنقىد يېگەنمەن. كېيىن روسىيىدىن كەتتىم، نۇرغۇن دۆلەتلەردە بولدۇم، فېرويدىزىمنى چوڭقۇرراق ئۆگەندىم. فېرويدىزىم يىغىپ ئېيتقاندا مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملەر «ئۇ» ۋە «ئۆز» باسقۇچىدا پىكىر قىلىدۇ، ئازراقلا ئادەملەر «ئۆزىدىن ئۈستۈن» پىكىر قىلالايدۇ، شۇڭا ئىنسانلار باراۋەر ئەمەس دېگەننى تەكىتلەيدۇ. ئۇ 1920 - يىلى يۇقىرىقى ئۈچ باسقۇچلۇق نەزەرىيىسىنى ھايات ۋە مامات دېگەن ئىككى كاتېگورىيىگە يىغىنچاقلىغان. ھاياتلىق جىنسىي تەلەپ، مۇھەببەت، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى قانۇنى، ماماتلىق بولسا ئۆلتۈرۈش، يارىدار قىلىش، قول قىلىش، بۇزۇۋېتىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ داۋامچىلىرىدىن نېتزى...

- نېمە، نېمە دېدىڭ، ئۇ نەنىڭ ئالىمى ئاداش؟

- نېتزى - يەنى تولۇق ئىسمى فرىدېرىخ نېتزى. ئۇ گېرمانىيە پەيلاسوپى، 1844 - يىلى تۇغۇلغان، 1900 - يىلى ساراڭ بولۇپ ئۆلگەن. ئۇ فېرويدىنىڭ «ئۆزىدىن ئۈستۈن» نەزەرىيىسىنى بىر ئومۇر شەرھلىگەن. ئۇنىڭچە، تارىخنى «ئۈستۈن» لەر ياراتقان، پۇقرالار ئەنە شۇ «ئۈستۈن» لەرنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا ئىشقا سالىدىغان قورالى.

- پاھ، پاھ، نېمە دېگەن زەھەرلىك ئۇ. ئۇنىڭچە بىزلەر ئادەم ئەمەس، چۈمۈلىكەنمىز - دە. راستتىنلا تۇغما ساراڭكەن. بولدى، ئۇنى يازمايلى. بىرىنچىسى نېمىدى؟ ھە راست «ئۇ» - ئىد. ھازىر «ئىد» پەيدا بولدى، رەخىمنىڭ كۆزلىرى «ئىد» نى چىلىلاۋاتىدۇ. گۈلزارنىڭ ئەسنەكلىرىمۇ شۇ. بول ھەي ئانىسى، ئىتقا ئايلىنىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى. ساۋۇت خاپان، ھە راست ساۋۇت شىياڭجاڭ بىكارلا موزايىنى قوچاقلاپ ياتمىغانكەن - دە. بايەزە ھېلىقى «سۇپېردىگو» دىن «ئىد» (ئىت دەيلىميا) قا سىيرىلىپ چۈشكەن ۋاقتى ئىكەن - دە ئۇ، ۋاي بايقۇشەي!

غولام ئەپەندى ھەييارلىق بىلەن دۇئا قىلدى.

3

شۇ كۈندىن باشلاپ گۈلزار ھەدىسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ، مەھەللىدە كەچ كۈزنىڭ سېرىق يوپۇرماقلىرىدەك ئۈچۈپ يۈرگەن ئۇششاق گەپلەرنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سېلىپ، بۇرۇنقىدىن خۇشخۇي، بۇرۇنقىدىن چىرايلىق ياسىنىپ، ۋېلسىپىتى بىلەن بىكارچىلارنىڭ ئالدىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ يۈرۈۋەردى. لېكىن ئۇنىڭ دادىسى چىدىمىدى. «50 يىل ھاراق ئىچكەن نوچىمەن» دەپ ماختىنىپ يۈرىدىغان بۇ تەكەببۇر، غورۇرلۇق بوۋاي قىزى توغرىسىدا ئەمەس، ھويلىسىدىكى قېرى قانجۇقى توغرىسىدا ياردىماس گەپ چىقىپ قالسىمۇ ھويلىدىن كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىدىغان چاتاقچى.

مانا ئۇ ئېشەك ھارۋىسىنى قوشتى، ئېشىكىنى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ، رېزىنكىدىن قىلىنغان قامچىسى بىلەن بىكاردىنلا تەرلىگىچە ئۇردى، پوخادىن چىققىچە

تىللىدى. بۇ ئۇنىڭ ئايالىغا قىلىۋاتقان ھەيۋىسى. ئايالى - ئاق چاچ، قورۇلۇپ دومچىيىپ قالغان مومايى ئېرىنىڭ مېجەزىگە كۆنۈك:

- ئىتلىقى تۇتۇپتىمۇ بۇ پېيەنچۈكنىڭ! - دېدى ئۇ دومچىيىپ يەر سۈپۈرۈۋېتىپ، - نەگە باردىلا ھەي!

- ئاناڭنىڭ، يەتمىش پۇشتىڭنىڭ بېشىغا!

- شۇنداق قىلساڭمۇ خويمۇ ئوبدان بولاتتى!

- تويدۇڭمۇ مەندىن قېرى قانجۇق!

- سەن تۇرماق ئېشىكىڭمۇ تويدى.

- ئەنمۇ تويدۇم بۇنداق جاندىن، بۈگۈن ئۆلمەن!

- شۇنداق قىلغىنا، خوي ئوبدان بولاتتى!...

- ئاۋۋال سېنى قىزىڭ بىلەن قوشۇپ كۆممەن!

- پوقۇڭنى كۆمگىنە قېرى مۈشۈك!

- مېكىڭنى يانچىيمەن قانجۇق!

- ئەنە ئالا قانجۇقۇڭ، دۈشىگە تۇتۇپ بېرەيمۇ؟

- تولا چىشىمغا تەگمە دەيمەن!

- چىشىڭ بولسا تەگمەمدىمەن!

- ھېلى جۇمۇ!

- ھاي، ھاي دادا، نېمىگە چېچىلىدىلا! ھا - ھا - ھا...، - بوۋاي موماينىڭ پوپوزا قىلىپ يۈگۈرگەندە ھويلىغا ۋېلىسىپىت بىلەن غولام ئەپەندى كىرىپ كەلدى، - نەگە ماڭدىلا دادا، ئۆيگە مېھمان باشلاپ كەلدىم.

- مېھمان؟ - بوۋاينىڭ قويۇق قاشلىرى ئۈچتى.

- ۋىيىيەي، نېمە دەيسىز ھوي!

موماينىڭ سۈپۈرگىسى يەرگە چۈشتى. «مېھمان» دېسە ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان، گويا «مېھمان» ئۈچۈن ئۆي تۇتۇپ، مېھمان ئۈچۈن ياشاۋاتقان بۇ ئەر - ئايال قېرىلار بايىقى جېدەل، قىلىۋاتقان، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى دەرھال ئۇنتىدى.

- تۇردىسەنمۇ كەمپىر؟

- قاسساپقا سىلى بېرىپ كېلەلا؟

ئاڭغىچە ھويلىغا ناتونۇش: كۆلرەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا، چاقماق شلەپە كىيگەن، ئالا گالستۇكنى چىڭ باغلىۋالغان، ئورۇق، ئېگىز بىرسى كىرىپ كەلدى.

- ھېلىقى ئالىم دېگىنى شۇمۇ؟ - دەپ سورىدى بوۋاي كۆيئوغلىدىن، - نېمىشقا پىيادە ئەكەلدىڭىز ھوي؟

- مەھەللىنى كۆرگەچ پىيادە مېڭىشقا ئامراقكەن ئۆزى...

- كېچىچە ماڭدۇ دەيدۇ... - بوۋاينىڭ يادىغا ئاخشام ساۋۇتىنىڭ «قىزلار بىلەن قول تۇتۇلىشىپ كېچىدە كىنو كۆرگىلى كەلدى، ئۇنى قولتۇقلىۋالغان سېنىڭ قىزىڭ گۈلزار» دېگەن سۆزى كەلدى - دە، قاپىقى تۈرۈلدى، لېكىن مېھماننىڭ سالىمىنى ئاڭلاش بىلەنلا خاپىلىقى سەگەك سېغىزخانىنىڭ دەرھال ئۈچتى، - ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، سالامەت كېلىپ قالدىڭىزمۇ ئۇكام، - بوۋاي قول ئېلىشىۋېتىپ ئوسمانوۋنىڭ سېمىز قولىدىكى كۆزى ئېچىل يوغان ئۈزۈكى بىلەن ئالتۇن باغلىق سائىتىگە زەڭ قويدى ۋە دەرھال: «بۇ قوللىرىڭ بىلەن خوتۇن - قىز تۇرماق چىشى كىيىكنىمۇ قولغا چۈشۈرەلەيسەن!» دەپ ئويلىدى.

بوۋاي - موماينىڭ ئۇزاق تىنچلىق - ئامانلىق سوراشلىرىدىن كېيىن سارايىنىڭ تۆرىدىكى دۇخاۋا كۆرپە ئۈستىدىن ئورۇن ئالغان مېھمان گەپ باشلىدى:

- ماناپكا، سىزنى كۆرۈپ دادامنى ئەسلەۋاتىمەن، دادام رەھمەتلى سىز بىلەن ئاغىنە ئىدى - ھە؟

- كىمنى دەيسىز ئۇكام، دادىڭىز كىم ئىدى؟

- ئاۋەكرى تولگەنچى، - دېدى غولام ئەپەندى ئىزاھلاپ، - ئۇنتۇپ قالمىغانسىز دادا؟

— ھەم، مۇنداق دەڭ، — دېدى بوۋاي قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ئېچىقى قىزىل يىپلار بىلەن تورلاشقان يوغان كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ، — ئەللىك يىل ھاراق ئىچىپ نۇرغۇن ئىشلارنى، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۇنتۇپ بولدۇم، ئاۋەكرەمنى ئۇنتۇمىدۇم. تولىمۇ تىڭ شامەت، قولى ئوچۇق، ئىنسابلىق ئادەم ئىدى. ھازىر ئۇنداق ئادەملەر قالمىدى. جاھاننى ئالىقانادلار قاپلاپ كەتتى. ھەدېسىلا بۇرۇتىڭغا چالما ئىزدەپ، جايلايمەنلا دەيدۇ. بۇرناكۈن دۈشەنبە بازارغا ئالما ئاپىرىۋىدىم، ئابدۇرېھىم ساختىنىڭ ھېلىقى پۇپۇچ شۇمتىكى بىر سوم يىگىرمە تىيىندىن ئالمامنى دوگىدۇر ئېلىۋېلىپ، كۆزۈمچىلا بىر سوم يەتمىش تىيىندىن پارچە سېتىپ، كىملا بېشىدا ئەللىك تىيىندىن سوقتى. قاراپ تۇرغۇزۇپلا جايلايدۇ. موزدۇزلار بىر مەقنى ئون تىيىنغا قاقىدۇ. خۇدانىڭ سۈيىنى قاق سۈيى بىلەن بوياپ قويۇپلا بىر چاشكىسىنى پالانى تەڭگىدىن ساتىدۇ. ئاۋەكرەم تاغار - تاغارلاپ كېپەك بېرەتتى، تۇز، ئون دېگەننى ساندۇقۇمدىن ئالغاندەك ئالىۋېرەتتىم. رەھمەتى ئەۋۇ ئورۇس ساندۇقىنى بىكارغا ياساپ بەرگەن.

— ھەممە ئادەم تەرىپىنى قىلىشىدۇ...

— شۇنداق بولمايزە، قولىدىن ھەممە ھۈنەر كېلەتتى رەھمەتلىكنىڭ زاراخەتمىبە، تويتۆكۈن بولسا پولونمۇ ئاۋەكرەم ئېتەتتى. ئۇنداق پولولار ھازىر نەدە!

— سىز ماناپكا، بىزنىڭ ئۆيگە تولا باراتتىڭىز، مەن كىچىك ۋاقتىمدا سىزنى ئات قىلىپ مىنگەن.

— يادىڭدىكەن - ھە، راست مىنەتتىڭ، ھە، ياق، دىنەتتىڭىز، — دېدى بوۋاي ھۇدۇقۇپ، — ئوغلۇم بولمىغاندىكىن سىلەرنى يۈرىكىملى باراتتىم - دە. خۇدا ھەققى، يەتتە بالا يۈزى كۆرۈپتىمەن، ھەممىسىلا قىز، كەمپىرمۇ تولا قىز تۇغۇپ زېرىككەن چېغى، تۇغمايلا قويدى. ھازىر قىز نەۋرىدىن يىگىرمە نەچچىسى بار دەڭا، ئېغۇلغىمۇ تويدۇم. ساقال-بۇرۇتۇمدىن باشقا ھەممىنى ئەكىتىدۇ. مەنمۇ ئالە كۆتۈرۈشكىچە، دەيدىغان بولدۇم. ھېلىمۇ ياخشى كەنجى قىزىم ئەپەندى بولۇپ قاپتىكەن، ۋاي دادا خەجلەڭ دەپ ھەر قېتىم ئايلىقى چىققاندا ئەللىك - ئاتمىش سوم بېرىپ قويىدۇ، ھەممىنى نەۋرىلەرگە خەجلەپ بېرىمەن. خۇدا ھەققى تېخى تۇخۇمىغا ئۇتتۇرلۇق ھاراق ئېلىپ ئىچىمەن!

— ھا-ھا-ھا... سىزنى ئىچىدۇ دەپ ئاڭلاپ، مانا چەتئەل ھارىقىدىن ئالغاچ كەلدىم.

— ھى - ھى - ھى ... بىزنىمۇ ئەسلەپ تۇرۇپسىز - دە دېگەن بىلەن. پاھ، نېمانداق چوڭ بوتولكا بۇ، يەتتە يۈز ئەللىك گىراملىقى ئىكەن - دە، كىچى قانداقراقكەن، بىزنىڭ داچۇگە يەتمەيدۇ - دە. بولە ھەي زېيىنەپ، چېيىڭنى قويۇپ تۇرۇپ، خام سەي بولسىمۇ ئەكىرگىنە!

بوۋاي ئاغزىنى تامشىتىشقا باشلىدى، غولام ئەپەندى رەخمىگە قاراپ قويۇپ:

— «ئىد» پەيدا بولدى. قانداق ئاچىدۇ بۇ ۋېسكا دېگەننىڭ ئاغزىنى؟ — دېدى ۋە بەكىسى بىلەن غىرداشقا باشلىدى، — دادامنىڭ نەپسى تاقىلداپ كېتىۋاتىدۇ، ئاچقىنا رەخى.

— نەنىڭ ھارىقى بۇ رەخجان؟

— بۇ شوتلاندىيە ۋېسكىسى، دۇنياغا داڭلىق ھاراق.

— بىزنىڭ داچۇ دۇنياغا داڭلىق ئەمەسمۇ تېخى.

— ياق تېخى، ناھايىتى ئاچچىقكەن.

— ئاچچىق بولمىسا نېمىسىنى ئىچكىلىلىك؟ — دېدى بوۋاي پۈرىقى يېقىملىق، تەمى چۈچۈمەل - شىرىن چەت ئەل ھارىقىغا تىلىنى تەگكۈزۈپ بېقىپ، — كۈچسىزدەك قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بوتۇلكىسى چوڭكەندە

— شوتلاندىيە ۋېسكىسى داڭلىق، تاتلىق

تۇرغان بىلەن ئىككى رومكا ئىچسىڭىزلا مەست بولۇپ قالىسىز.

— نېمە دېدىڭىز، سوتلاندى دېگەننەئۇ؟

— ئەنگلىيىنىڭ يېنىدا.

— ئەنگلىيە دېگىنى رېسىدىمۇ، ئامېرىكىدىمۇ؟

— ھا-ھا-ھا... ئۇلار ھەممىسى ئۆز ئالدىغا دۆلەت، دادا.

— نەدىن بىلەي، مەن جوڭگو، سوۋېت، ئامېرىكىنى بىلىمەن، ھە راستلا ياپون بىلەن گېرمانىيىمۇ كىنولاردىن كۆردۇق، تازا تىللىدۇق ئۇلارنى.

ئۇ بىردىنچى رومكىنى ئىچىپلا مەست بولۇپ قالدى. مەستلىك - ئەقىل نورماللىقىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى. ئۇ يەنە ئىنسان چولپەردىسىنىڭ يىرتىلغانلىقى. قاراڭلار ماناپ بوۋاينىڭ قىلىقلىرىغا: ئۇ بىردە كۈلەتتى، بىردە تىللايتتى، ئۇ ھازىر ھەممىنىڭ ھۆكۈمرانى، ھەممىنىڭ دۈشمىنى:

— سەن بالا! - دېدى ئۇ غولام ئەپەندىگە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى بېڭىزدەك دىگلەپ، - كالىدەك بىخۇت، ئىشەكتەك پەرۋاسىز، ھاڭۋېقىشتىن باشقا نېمىنى بىلىسەن، ئېيتە!

— دادا، مەستبولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— مەست بولمايچۇ؟ماك، بىزنىڭ ھېلىقى ئامېرىكا بۇرۇن داھىمىزنى باشلاپ كەلگەن، ئۇ مانا جىگىرى بار ئەركەك.

— ساۋۇت خاپامباشنى دەيدۇ بۇ! - دېدى موماي چاي قۇيۇۋېتىپ، - ئاخشام ئىككىسى يېرىم كېچىگىچە ئىچىشتى. ساۋۇتمۇ يىغلاپ يۈرۈيدۇ تېخى، ۋاي ئۇنىڭ گەپلىرى.

— چىق! - دېدى ماناپ بوۋاي موماينىڭ قولىنى شىلتىپ، - ماڭ گۈلزارغا ئېيت، ئۇ مېنىڭ قىزىم ئەمەس!

— سارۇك! - دېدى موماي كۈيۈنۈغ-لەي بىلەن رەخمەتكە قاراپ قويۇپ، - مۇشۇنداق، ئىچتىلا قىزىنى تىللايدۇ. تۇختاڭ، بېشىغا ياستۇق قويۇپ بېرەي.

ماناپ بوۋاينىڭ بېشى ياستۇققا تېگىش بىلەن خورەكى باشلاندى. موماي ئاچچىقتىن يۇتۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەھەللىدە ئۇششاق گەپ كۆپىيىپ كەتتى. چوپ - چوڭلا ئەرخەقلەر توپلىشىۋېلىپ ئۇششاق قىزلارنىڭ، ئاياللارنىڭ غەيۋەتلىرىنى قىلىشىدۇ. شياڭجاڭ دېگەن ھۆكۈمەت ئادىمى، شۇنداق بولغاندىكىن ھۆكۈمەتنىڭ گېپىنى قىلمامدۇ. بۇ ساۋۇت خاپامباشزە ئۆرۈلۈپمۇ - چۆرۈلۈپمۇ ئاياللارنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. ئاخشام ھە دەپ بىزنىڭ گۈلزارنى دادىسىغا چاقىدۇ تۇرۇپتۇ. مەكتەپنىڭ پىكىرى دەمدۇ، ئامىمنىڭ ئىنكاسى دەمدۇ، ئىش قىلىپ، خېلى كاپشىدى. كېچىلىرى ئەر كىشىلەر بىلەن قولتۇقلىشىپ يۈرۈشكىدەك دەمدۇ؟ ئۇيا ئەڭلىك سۈرۈپ سىنىپقا كىرىدىكەن دەمدۇ، چوڭلارنىڭ ئالدىدىن شەيتانچاق بىلەن چۆشمەستىن ئۆتىدىكەن دەمدۇ، تانسىغا بارغىدەك دەمدۇ... ۋاي-ۋۇي دېمىگىنى قالمىدى دەڭلار! بۇ كىشىنىڭ غولام ئەپەندىمنى كالا، ئېشەك دەپ تىللىشى بىكار ئەمەس ...،-

موماي كۆز يېشىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى.

— مۇنداق دەڭ ئاپا! - دېدى غولام ئەپەندى كۈلۈپ قويۇپ، - ساۋۇت قېرىغىنىنى تۇيماي، بىزنىڭ سىڭىلدىن تاما قىلىپ يۈرۈيدۇ تېخى. كۈنچىلىكى تۇتقان ئىكەن- دە! ئاپا، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭ!

— مەنغۇ ئىشەنمەيمەن، قىزىمغا ئىشىنىمەن. قىڭغىر دەسسىيدىغان بالا ئەمەس ئۇ. بۇ يىل ئوتتۇزغا كىردى. ھازىرغىچە، ئۆزىگە چاڭ قوندۇرمىدى. ئولتۇرۇپ قالغىنى راست. بۇنىڭ سەۋەبى قىزىمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك لايىق تېپىلمىدى. بىرسىنى بىلمىسىز دېدى،

بىرسىنى خۇشامەتچى دېدى، بىرسىنى شاللاق دېسە بىرسىنى پاكار دېدى. ئادەم يارىتىشىنى راست. مانا ئەمدى ساۋۇت خاپامباشتەكلەر ئۇنىڭغا كۆز تىككىلى تۇرۇپتۇ. قىزىم دەجەپ تەتۇر پېشانىكەنغۇ تاڭ!...

مومای كۆز يېشى قىلىۋىدى، رەخىم كۈلۈپ كەتتى:

— ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەم باشقىلارغا قاتتىق تەلەپ قويالايدۇ ھەدە، كۆڭلىڭىز ھەرگىز يېرىم بولمىسۇن، گۈلزار قىز بەختسىز ئەمەس. ئۇ قىز توي قىلمايمۇ بەختلىك بولالايدۇ.

— ئۇغۇ...— موماي توختاپ قالدى. رەخىم ئۇسما نوۋىنىڭ گېپى ياقمىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىدىمۇ، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

— ساۋۇت شياڭجاڭ ياخشى ئادەم، ئەمما لېكىن ئالامەت كۈنچى. ئۇ ئايالىنى كۈنلەپ ئۆلتۈرۈپ قويدى جۇمۇ؛ دىۋانىدىنمۇ، سارائلاردىنمۇ كۈنلىگەن چاغلىرى بولدى. بىر يەرگە ماڭسا ھويلىسىغا مەخپى كۈل چېچىپ قويىدىكەن. كۈلگە يوغانراق ئىز چۈشسىلا خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشىدىكەن. بەزىدە ئۇ ئىز ئۆزىنىڭ بولۇپ چىققان چاغلىرىمۇ بولغان. ئۆزىنىڭ ئايالى تۇگۇل باشقا ئاياللارنىمۇ خەقلەردىن كۈنلەيدۇ تېخى، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاياللار كادىرى بىر چىرايلىق چوكان، ئۇنىڭ تۆت بالىسى، ئېرى بار، بىزنىڭ ساۋۇت ئاغىنىمىز شۇ ئايالنى باشقىلاردىن كۈنلەيدۇ. كېچىلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىدۋالغان، ئۆيىنى مارىلاپ يۈرگەن. بۇ توغرىدا كۈلكىلىك ئىشلار تولىمۇ كۆپ...

غولام ئەپەندى ساۋۇت توغرىسىدا، قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ، ئۇلار كۈلۈشۈپ ئولتۇرغاندا ماناپ بوۋاي تۇيۇقسىزلا ئويغىنىپ مېھمانلىرىغا قاراپمۇ قويماي سىرتقا ماڭدى.

— مانا ئەمدى بىزنىڭ قېيناتا ئىچىشنى باشلايدۇ، — دېدى غولام ئەپەندى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، — بۇ ئۇنىڭ ئادىتى. ئاسانلا مەست بولىدۇ، كۆزىنى بىرلا ئىلىنىدۇرۇۋېلىپ، ئۇيغىنىدۇ — دە، ئاندىن كېيىن غەرق مەست بولغىچە ئىچىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئۆيدە بېقىلىۋاتقان قويلا بولسا شۇنى ئەچىقىپ سويىدۇ: ئۆز قولى بىلەن سويۇپ، تالغا ماي تىقىپ كاۋاب قىلىپ، «دۇمبە كاۋاب» بىلەن ئىچىشنى باشلايدۇ — دە، مايلىق گۆش بىلەن ھاراقنى راسا ئىچىدۇ. ئاخىرى مەست بولۇپ يىقىلغىچە ئىچىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ «ئىست» مۇ بولىدۇ، «سۈپېرىگۈ» مۇ بولىدۇ. نېمىگە كۈلىسەن؟ ئۇ يالغۇز ئىچمەيدۇ — دە، ئادەملەرگە بەدارىدىنلا قىيىنى يەڭگۈزىدۇ، ھارىقىنى ئىچۈرىدۇ. مېھماندوستلۇقتا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق بولۇپ قالىدۇ. قېيىن ئانام بېچارە ئەللىك-ئاتمىش يىلدىن بېرى بوۋاينىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. مانا ھازىر بوۋاي سەكسەنگە كىردى، تېخىچە جاھانىئەتكە قېتىلمىدى. ئۇ ھازىر باللىرى، نەۋرىلىرى بىلەن ئولپەت.

— ياخشىكەن! — دېدى ئوسمانوۋ قىلچىمۇ ھەيران قالماستىن.— دېمەك ئۆز ۋاقتىدىكى شۇنچە بېسىم، شۇنچە سىياسىي ھەرىكەتلەرمۇ ئادەملەرنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمەپتىكەن — دە؟

— نېمە دەيدىغانسەن رەخىي، ئەمدى ئەدەبىياتقا ئۆتتىڭغۇ؟

— بۇ ئەدەبىيات ئەمەس، لاتىنچە ئېيتقاندا خومانتاس، گېرمانچە ئېيتقاندا ئانتروفولوگىسموس.

— توختىغىنا، باشقىدىن ئېيتە، يېزىۋالاي. بۇلارمۇ سېنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىقىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك يېڭى ئىلىممۇ؟

— شۇنداق. بۇلار ئىككى ئىلىم، لېكىن بىر - بىرىگە يېقىن. بىرىنچىسى ئىنسانىنى

مەركەز قىلىش ئىلمى، قاراتمىل بىلەن شۇنداق دېسە بولىدۇ. بۇ ئىلىم دۇنيانىڭ ھەممە ئىشى ئىنسان ئۈچۈن، ئىنسان ھەممىدىن ھوزۇرلىنىش كېرەك دەيدۇ. ئۇ ئىندىۋىدۇئاللىقنى ئازاد قىلىش، ئىندىۋىدۇئال ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ئىلىم 15، 16- ئەسىرلەردە پەيدا بولغان. ئۇ چاغدا دىنىنىڭ قامالىقىدىن ئازاد بولۇش، فېئوداللىزم ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشتا بۇ ئىلىم مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭ سەن بىلىدىغان ۋەكىللىرى شېكسپىر ...

ھە، بىلىمەن.

— يەنە ئىتالىيىلىك ھېلىقى «ئون كۈنلۈك سۆھبەت» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بۇ كاچيومۇ بار.

— بۇ كاچيو؟ ھەجەپمۇ فۇكاچېۋقا يېقىن ئىكەنا.

— يېزىۋالدىڭمۇ، ھە، ئىككىنچىسى ماتېرىيالىزمغا يېقىن. لېكىن ئۇ ئانتروفولوگىزموس يەنى ئادەم بىر تەبىئىي نەرسە دەپ چۈشەندۈردۇ. ئۇ ئادەمنىڭ جىسمى بىلەن روھىنىڭ ئىككى نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ۋەكىللىرى فېيېرباخ بىلەن چېرنىشېۋسكىي.

— بۇلارنى تازا ياخشى بىلىمەن ئاداش، خېلى چۈشەندىڭ ئاداش رەخى. قارا، خېلى بىلىملىك بولۇپ قالدىم جۇمۇ. دېمەك، ماناپكامىنىڭ سەكسەن ياشقىچە يامان خۇيىنى تاشلىيالماسلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى، ساۋۇت شياڭجاڭنىڭ كۆنچىلىكىمۇ شۇنداق ئىكەن - دە؟

— شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن سىلەردە بۇ خىل ئەركىنلىك قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى چەكسىز ئەركىنلىك ھېچنەدە يوق، پەقەت نىسپىي ئەركىنلىكلا مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟

— بىردىنلا ئىلىمدىن سىياسەتكە ئۆتتىڭىزغۇ رەخى. سىياسەت بىلەن كارىم يوق دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— سىياسەت بەزىدە ئىلمىڭىزمۇ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ.

ئۆيگە قوللىرى قان پېتى ماناپ بوۋاي كىرىپ كەلدى:

— نەۋرەمنىڭ نوچى خورىزىنى بوغۇزلاپ قويدۇم، — دېدى ئۇ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىن مېھمانلىرىغا ھومىيىپ قاراپ قويۇپ، — كېتىدىغاننىڭ گېپىنى قىلماڭلار، ساۋۇت شياڭجاڭ باشلىق كاتتىلارغا ئادەم ئەۋەتتىم. يېيىشنى توخۇدىن باشلايمىز، قوي، كالا، ئات. ھا - ھا - ھا!..

بوۋاي بىردىنلا شادلاندى، لېكىن بۇ خىل «يېزا خوشاللىقى»دىن بىزار بولغان مېھمان بىلەن ئىچىملىككە ئانچە ئۆزىنى ئۇرمايدىغان غولام ئەپەندى بىر - بىرىگە قاراپ جىم بولۇپ قېلىشتى.

— مەن گۈلزارنى تاپاي! — دېدى بوۋاي تۈگمىسى ئېتىلمىگەن كاستومىنىڭ پېشى بىلەن قولىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — كەچپىر ئالدىراپ قالدۇ. قىزىم كاساپەت سەي قورۇشقا ئۇستا. توخۇ بىلەن لازا، ئۇنىڭغا مېھماننىڭ ھېلىقى «ئەسكى» (ۋىسكى دېمەكچى) ھارىقى قوشۇلسا گۈلگە گۈل كەلگەن بولىدۇ!

بوۋاي سەنتىرەكلەپ يەنە تالاغا ماڭدى، غولام ئەپەندى:

— يەنە ئىچىدىغان بولدۇق. بىز ئەمدى ھېلىقى نېمە، نېمىدا؟ لاتىنچە ئېيتقاندا خومانتاس بويىچە دۇنيانىڭ خوشاللىقىدىن لەززەت ئالىدىغان بولدۇق. ھى - ھى - ھى... قانداق دېدىم رەخى؟ - دېدى.

— ئەكسىچە، راھەت ئىچىدىن ئازابىنى تاللىۋالىدىغان بولدۇم، - دېدى مېھمان قاپىقىنى تۈرۈپ، - ئۇنىڭسىز كۆڭۈل ئېچىپ ئادەتلەنگەنمەن. شېئىردىن سۆھبەت، گۈزەل مۇزىكا، تاتلىق خىيال بىلەنمۇ دۇنيانىڭ راھىتىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولاتتى ئەمەسمۇ؟

— مېنىڭلا ئېچىمنى قىلدىڭ جۇمۇ رەخى. گۈلزار ئۈچىمىز بىللە بولساق، سەن سۆزلىسەڭ، گۈلزار يەشسە - چۈشەندۈرسە، مەن توختىماي يازسام نېمە دېگەن پەيزى بولاتتى ئاداش.

— گۈلزار، - دېدى رەخىم ئۆزىچىلا، - ياخشى ئىسىم - ھە؟ بۇ قىز تالالىنىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە كۆرەنلىمىق - دە؟ ئۇنىڭ سەۋەبى، قىزنىڭ ھاياتقا قارىشى، ئۇنىڭ مەقسەت - پىلانى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. ئۇ باشقىلاردىن ئۈستۈنرەك بولىمەن دېگەچكىلا دۈشمەنلىك، ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئۇسۇل بىلەن ياشايمەن دېگەچكىلا يامان ئاتىلدى. ئۇنىڭ ئارزۇلىرى تولىمۇ گۈزەلكەن؛ ئۇ خېلىلا بىلىملىك، تىرىشچان، تەلەپچان. ھەي غولام، مەن ياۋروپادا نۇرغۇن مىللەت بىلەن ئۇچراشتىم، دوست بولدۇم. ئىنسان ھاۋاغا ئوخشاش بۇزۇلۇپ، تۈزۈلۈپ تۇرىدىغان نەرسىكەن: بۇندىن ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار ھازىر يوق. بۇ يەرگە غەرب ھاۋاسىمۇ كەپتۇ. قىزلارمۇ كاستۇم كىيىدىكەن. ئاياللارنىڭ قىسقا - بولدۇر چاچلىقلىرى تولاراق. لېكىن بۇلار شەكىل. ئاڭ جەھەتتىمۇ ئۆزگىرىش چوڭ. سۈنئىيلىك كۆپەيگەن، تەبىئىيلىك ئازىيىۋېتىپتۇ. لېكىن بۇمۇ نىسپىي. بىر كۈن كېلىدۇ، ئىنسان سۈنئىيلىكتىن تەبىئىيلىككە قاراپ ئاغىدۇ: پىكىر قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى بولغان مۇئامىلە، تىل، مېڭىش - تۇرۇشلارمۇ تەبىئىيلىككە قاراپ ئاغىدۇ.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ ئاداش، تازا چۈشەنەلمەيۋاتىمەن رەخى.

— نېمىسىنى چۈشەنمەيسەن ئاداش، دىلى بىلەن ئەمەس، تىلى بىلەن سۆزلىسە سۈنئىي بولىدۇ. يالغان كۈلسە، يالغان يىغلىسا، يالغان غادايسا بۇلارنىڭ ھەممىسى سۈنئىي بولىدۇ.

— تىلى بىلەن سۆزلىسە دېگىنىڭ نېمىسى؟ يەنە نەردە سۆزلەيدۇ كىشى؟

— راست سۆز دىلدىن چىقىدۇ - دە. قانداق ئويلىسا شۇنداق سۆزلەش كېرەكتە.

— بۇ دېگىنىڭ توغرا، ئاداش. لېكىن ھەمىشە ئويلىغاننى سۆزلىگىلى بولمايدۇ - دە.

— شۇنداق. لېكىن مانا مۇشۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. سۈنئىي نەرسىنى تەبىئىي نەرسە دەپ قوبۇل قىلىۋېلىشقا بولمايدىغۇ.

— مەن بەزى ئويلىرىمنى قەدىناس ئايالىمغىمۇ ئېيتالمايمەن ئاداش.

— بۇنى چۈشىنىمەن. لېكىن ئىنسان ھامان تەبىئىيلىككە قاراپ ئېڭىشى كېرەك. بىر - بىرىنى ئالدانىنى ئاز دەپ، ئۆزىنىمۇ ئالدايدىغانلار كۆپ. ئۆزىنى ئاز دەپ، بىزنى قانۇنىيەت دەپ باشقىلارغا تاڭىدۇ تېخى.

— سېنىڭ كەسپىڭ تولىمۇ نازۇككەنا رەخى. يالغانچى بىلەن راستچىلنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ چىققان ئادەم يوق. بىر ئېغىزمۇ يالغان گەپ قىلمىغان ئادەم بارمىكەن؟ بىر ئېغىزمۇ راست گەپ قىلمىغان ئادەممۇ بولمىسا كېرەك دەيمەن. مەسىلەن، سېنى ئالايلى، راستتىنى ئېيتقىنا، ھازىر نېمىنى ئويلاۋاتىسەن رەخى؟

— راستتىنى دەيمۇ ئەمەسە؟ گۈلزارنى ئويلاۋاتىمەن.

— نېمە؟ - غولام چۆچۈپ، قىزىرىپ دوستىغا قارىدى، - سۆزلىگەن دىلىڭمۇ، تىلىڭمۇ؟

— دىلىم، ئاداش. قېيىن سىڭلىڭ مېنى خىيالغا سېلىپ قويدى.

4

گۈلزار دەرس پىلانى يېزىۋېتىپ ئۆزىچىلا بىر پارچە قەغەزگە «رەخىم ئىسانوۋ» دېگەن ئىسىمنى يېزىپ قويدى. يازغاندىمۇ ئاۋۋال رۇسچە، ئاندىن لاتىنچە، ئېنگلىزچە، ئاخىردا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يازدى. چىرايلىق

ئىملاسىغا قاراپ ئەزدىچە كۈلدى، ئاندىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى تولىمۇ خۇشال، ياسىنىپ يۈرۈشلىرىدىن، ھەدېسىلا «سايامەتچىلەر ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى» دېگەن كىتابچىدىن ئىنگلىز تىلى يادلاشلىرىدىن، ئۇنى ئازدەپ بايروننىڭ شېئىرلىرىنىڭ خەنزۇچىسىدىن:

ئۇنتۇما ئەي قىزچاق خوشلاشقاندا،
يۈرىكىمنى قايتۇرۇپ بەرگەن ماڭا.
يۈرىكىممۇ ۋىدالاشماق بولسا ئەگەر،
مەندە قالغان پارچىسىنىمۇ ئالغىن مانا.

دېگەندەك مىسرالارنى تەرجىمە قىلىپ، دوستىغا يوشۇرۇنچە ئوقۇپ بېرىشلىرىدىن دوستىنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم بىر چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن رەيھانگۈل ئىسىملىك خىمىيە مۇئەللىمى ھازىر ئۇنىڭغا زەڭ قويۇپ يەرتېگىدىن قاراپ ئولتۇراتتى. رەيھانگۈل گۈلزارنىڭ ھۇپپىدە قىزارغىنىنى كۆرۈپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۇنىڭ كەينىدىن پۇت ئۇچىدا مېڭىپ كېلىپ، ھېلىقى پارچە قەغەزنى كوپپىدە ئېلىۋالدى.

— ۋىييەي، ساراڭ!

— ئەمدى تۇتۇلغانسەن، نېمە، كىم بۇ رەخىم ئوسمانوۋ دېگەن؟

— ھېلىقى ئالىم، — دېدى گۈلزار تېخىمۇ قىزىرىپ، — ئەكەل دەيمەن، ئەكەل!

— ئالىم؟ ھە، لايىقىڭنى ئەمدى تاپقان ئىكەنسەن-دە!

— ئاستا! — دېدى گۈلزار دوستىنىڭ ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن توسۇپ، — تۆتىنچى سائەتتە دەرسىڭ يوقكەن، مېنىڭمۇ يوق. پىلاننى تۈزۈپ بولدۇم. ئىككىمىز بىزنىڭكىگە بارايلى، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئاداش.

— گۈلزار، سىزنى شياڭجاڭ چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى بىر يىگىت كۈلۈپ كىرىپ، — تېز چىقسۇن دەيدۇ.

مۇدىر ئىشخانىسىدا ساۋۇت بىلەن مەكتەپنىڭ شۇجىسى بىر نەرسىنى قىزغىن سۆزلىشىۋاتقاندا گۈلزار كىرىپ كەلدى.

— ئولتۇرۇڭ گۈلزار، — دېدى 50- يىللاردا سىفەن پۈتتۈرۈپ، 60-، 70- يىللارنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا تاسقىلىپ، 80- يىللاردا قەد كۆتۈرۈپ، خۇشاللىقىدىن تولا ئىچىپ، قان قېتىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان، ياداڭغۇ، قاڭشارلىق كەلگەن شۇجى ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە قادىلىپ تۇرۇپ، — گۈلزار، سىزگە بىر ۋەزىپە چىقىپ قالدى، بۈگۈنلا ناھىيىگە ماڭىدىغان بولدىڭىز.

— بۈگۈنلا؟ — گۈلزار تامدەك تاتىرىپ، كۆڭۈلسىزلا سورىدى.

— ھەئە، شۇنداق. ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى بىر تەكشۈرۈش ھەيئىتى قۇرغان ئىدى، بىزنىڭ يېزىدىن سىزنى مۇۋاپىق كۆردۇق، شۇ گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى بولدىڭىز.

— باشقىلار بارسۇنمىكىن ئەدھەم ئاكا!

— شەرتكە سىز توشىسىز-دە، — دېدى ساۋۇت شياڭجاڭ قىزغا خۇددى ھازىرلا ئېيتىلىدىغاندەك ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلىپ، — بېرىڭ گۈلزار، بۇ تولىمۇ مۇھىم ئىشكەن. زىيالىيلار خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقىدىغان گەپكەن، بۇ بىر ئەڭ، ئەڭ مۇھىم ئىش، ئۇكام.

«زىيالىيلار خىزمىتى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ گۈلزارنىڭ كۆزلىرىدە بىردىنلا خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى يېلىنجىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە نۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى، دەۋالىدىغان بولدى-دە.

— ساۋۇت شياڭجاڭ بۈگۈن ناھىيىگە بارىدىكەن، سىزنى ئالغاچ كېتىدىغان بولدى.

— ئەتە بارايمىكىن، — دېدى گۈلزار ئۆز نارازىلىقىنى يوشۇرالماستىن.

— كېچىكىشكە بولمايدۇ، — دېدى شۇجى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — بۈگۈن تېزدىنا ئالدىراسىزكەن. ئىلمىي بۆلۈمگە ئۆزۈم ئېيتىپ

قويمەن، دەرسلىرىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۆيدىن خاتىرجەم بولۇڭ، غولام ئىككىمىز مەسلىھەتلەشكەن، بوۋاي - مومايلارنىڭ ھالىدىن ئۆزىمىز خەۋەر ئالىمىز.

— بولدى، مەن ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن، دېدى ساۋۇتمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي.

ساۋۇت ئۆمرىدە بۇنداق راھەتلەنمىگەن، ھەم بۇنداق جىددىيلەشمىگەن. ئۇ ھېلىدىن-ھېلىغا «ئۇھ» دەيتتى، ھېلىدىن-ھېلىغا چېكەتتى.

گۈلزار ئۆمرىدە بۈگۈنكىدەك بۇنداق ئازابلانمىغان، بۇرۇختۇم بولمىغان. ئۇ ھېلىدىن-ھېلىغا «ئۇھ» تارتىپ، ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى سىپاپ-سىپاپ قوياتتى.

«بېيجىڭ» ماركىلىق پىكاپ ئىككى تەرىپى قويۇق تېرەك، جىگدە، ئۆرۈكلەر بىلەن ئورالغان، كۈن چۈشمەيدىغان، يېڭىلا قاراماي ياتقۇزۇلغان يولدا سىلىق كېتىۋاتىدۇ. شوپۇرنىڭ پۈتۈن دىققىتى يولدا بولسا كېرەك، ئارقىدا ئولتۇرغان ساۋۇت بىلەن گۈلزارنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىش، ئۇلارنىڭ قىسقا، ئۈزۈك-ئۈزۈك پاراڭلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرەر ئەمەس.

— ھازىرمۇ غولامنىڭكىدە تۇرۇۋاتامسىز؟

— ھەئە.

— نېمىشقا؟

— ھەدەم يالغۇز.

— يەنىچۇ؟

— رەھىم ئاكام بىلەن پاراڭلىشىمەن.

— نېمىشقا؟

— خالايمەن.

— نېمىشقا؟

— تاڭ.

— ئۇ ئادەم ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن ئىكەن، راستمۇ؟

— راست.

— باللىرى ئورۇس، گېرمان دەيدۇ، راستمۇ؟

— ھەئە.

— ھازىر بۇ ئادەم بويتاقكەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— بۇ يەردىن ئۆيلىنىپ كەتمەكچىمىكەن؟

— بىلمەيمەن.

— شۇنچە گەپ قىلىشقان تۇرۇپ نېمىشقا بىلمەيسىز؟

— ھاجىتى يوق.

— باللىرىنىڭ ئىسىملىرىنى دەپ يۈرۈپسىز. بىرسىنىڭ ئىسمى گېنكا، بىرسىنىڭ ئىسمى ئىزابېل، بىرى ئورۇس، بىرى گېرمان، بىرى ئوغۇل، بىرى قىزكەن، بۇلار راستمۇ؟

— راست.

— سىز بۇ گەپلەرنى ئۇ يەر- بۇ يەردە سۆزلەپ يۈرۈپسىز، بۇمۇ راستتۇر-ھە؟

— ھەئە.

— گېپىنى تولا قىلىدىكەنسىز، بىردەم كۆرمىسىڭىز تۇرالمايدىكەنسىز، ئۇ ئادەم ئەكىتەي دېسە ماقۇل دەيدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ھەئە.

— نومۇس قىلمامسىز، كەينىڭىزنى ئويلىمامسىز، گەپ- سۆزدىن، دادىڭىزنىڭ پەيلىدىن قورقمامسىز؟

— ياق!

ساۋۇت يېنىچە ئولتۇرۇۋېلىپ گۈلزارغا تىكىلدى. يېنىدىن قارىغاندا قىز تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈندى: قىزنىڭ چىرايلىق بۇرنى، سايە تاشلاپ تۇرغان كىرپىكلىرى، بۇ كىرپىكلەر ئاستىدىكى كۈلۈپلا تۇرىدىغان، يوغان، قاپقارا كۆزلىرى، كۈلگەندە پەيدا بولىدىغان ئۇششاق كۆز قۇيرۇق سىزىقچىلىرى، ساۋۇتنىڭ ئارامىنى قويمىغان ئوماق لەۋلىرى بۈگۈن باشقىچىلا گۈزەل. ساۋۇت نېمىشقا بىر يىلنىڭ ئالدىدا بۇ قىز «ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى» بولۇشتىن مەھرۇم بولغاندا ئۇنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، قىزغا ياخشى كۆرۈنۈپ ئالمىغان بولغىدى- ھە؟ نېمىشقا ھەدېسىلا ماناپ پىيەنچۈك بىلەنلا ھەپىلىشىپ قىزنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە قارىتىشقا سەل قارىغان بولغىدى: ياخشى كىيىم، زىننەت

بۇيۇملىرى، ئابرويى ئۆسىدىغان شارائىت، ئېسىدە قالىدىغان چىرايلىق مۇئامىلە، چىرايلىق گەپ (بۇ گەرچە ئۇنىڭدا يوق بولسىمۇ) تەقدىم قىلىشنىڭ ئورنىغا ھەدېسىلا ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ھوقۇقىنى دالۋاي قىلغىنى نېمىسى؟ مانا ئەمدى قىز ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەن، قىزنىڭ ساۋۇتنىڭ كۆيۈپ چوغ بولغىنى بىلەن زادىلا ئىشى يوق. ساۋۇت ئازاب بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ ئالسىمۇ قىزنىڭ كىرپىكى نەم بولمايدۇ. ئاھ، شورلۇق. ئالدىدا چوڭ بولۇپ، ئالدىدا قېرىۋاتقان بۇ قىز بالىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە قارىتالمىغان ئەركەك ئۆزىنى ئەمدى نەگە قويسۇن؟ ھاياتنىڭ لەززىتى، كۆڭۈل خۇشلىقى ئەمدى تادامەن ئاخىرلاشتىمۇ؟ ئاشۇ يېزا دوختۇرخانىسىدىكى بوغالتىر خېتىۋىن بىلەن بولىدىغان يوشۇرۇن كۆڭۈل ئېچىش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى بولۇپ قالامدىكىن؟...

ساۋۇت روھسىزلىنىپ، تىمت-تىمت بولۇپ ئولتۇرغان ئاشۇ مەزگىلدە قىزنىڭ خىيال قۇشى ئايدىڭ كېچىدە، جىمجىت مەھەللىنىڭ ئالا كۆلەڭگە بىلەن تولغان كوچىلىرىدا ھايات لەززىتى بىلەن مەست بولۇپ ئاستا ئۇچۇپ يۈرمەكتە ئىدى.

— ئاھ، ئۇيغۇر قىزى، — دەپ ئۇنى ئاخىر باغرىغا باستى ئېگىز، كۈمۈش چاچ، يوغان كۆزلىرى بولۇن بۆلەكچىلا نۇرلانغان ئادەم گۈلزارنىڭ چاچلىرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن پۇراپ تۇرۇپ، — بەخت بىلەن قېرىغاندا تېپىشقىنىم نېمىسى؟ ئېيتىڭا گۈلزار، بۇ بەخت ماڭا مەڭگۈلۈكمۇ ياكى بىردەملىكمۇ؟

—ئۇ سىزگە باغلىق — قىز ئەندىكىپ پىچىرلىدى.

—مەن مەڭگۈلۈك بەخت بىلەن ئۇچراشقىنىمغا ئىشەنسەم بولامدۇ گۈلزار؟

—سوئالىڭىز سەممىي بولسا سىزگە سەممىي يۈرىكىنىڭ سوۋغىسى — مەڭگۈلۈك بەخت بولالايدۇ.

—مەن سەممىي ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن كەلدىمغۇ؟

—ئۆز سۆزىڭىز بىلەن ئېيتقاندا سەممىيەتكە قايتقانلار...

—شۇنداق، نەسىبى سەممىيلەر.

—ئانداقتا بەختمۇ نەسىبى...

—راست دېدىڭىز — ئالىمنىڭ قۇللىرى بىردىنلا بوشىدى — بۈگۈنكى بەخت ئەتىكى بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ خۇددى ئۆتكەن بەختسىزلىكلەر بۈگۈنكى بەختنىڭ بوسۇغىسى بولغىنىدەكلا.

ئەمدىلا باشلانغان كۈز پەسلىنىڭ ئاشۇ ئاخشىمى، ئاشۇ ئالا كۆلەڭگە بىلەن تولغان جىمجىت، پۇراقلىق يېزا كوچىسىدا گۈلزارنىڭ مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ لەززىتىنى زارىقىپ كۈتكەن بەدىنىگە تۇنجى قېتىم غەيرى جىنسنىڭ قولى تەگدى، تىنىقى ئۇرۇلدى، لەۋلىرى لەززەت تاپتى. قىزچۇ؟ ئۇ چاغدا گويا دۇنياغا باشقىدىن يارالغاندەك، ھاياتنى باشقىدىن چۈشەنگەندەك، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى باشقىدىن بىلگەندەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنى ئاق چاچ، تەمكىن، ھېسسىياتلىق بىر ئادەم تۇنجى بولۇپ باغرىغا بېسىپ، بىر قولىدا قىزنىڭ ئېڭىكىدىن سىلىق كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىنى كۆزلىرىگە توغرىلاپ، لەۋلىرىنى لەۋلىرىگە تەگكۈزگەندە گۈلزارنىڭ ئىرادە — غەيرىتى ئۈركىگەن قۇشلاردەك ۋۇجۇدىدىن ئۇچتى. قىز جانسىزلىنىپ ئۆزىنى بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ قوينىغا تاشلىدى.

يىگىرمە نەچچە ياشلىق يىگىتلەر ئېرىشەلمىگەن بۇ نېمەتكە ئەللىكتىن ئاشقان ئادەمنىڭ ئاسانلا ئېرىشەلىشىگە گۈلزار سەۋەبچى ئەلۋەتتە. ئۇ ئادەم قىزنىڭ نېمىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى دەل ۋاقتىدا، شۇنچە تېز سېزىۋالدى.

قىز ئۇ ئادەمنى قولتۇقلىۋالغان. ئۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى بىر مۇڭلۇق قىرائەتتەك قىزنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلىپ، ۋۇجۇدىنى ئېرىتمەكتە

ئىدى: نەچچە مىڭ يىل، نەچچە يۈز يىل، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتا قالغان ئۇلۇغلارنىڭ سۆزلىرى، ئۇلار ھەققىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىلەر، نامى تونۇش، روھى ئۆلمەس شائىرلارنىڭ ئاجايىپ مىسرالىرى، ئىنسانىيەتكە ئۆز ئەقىل- پاراسىتى بىلەن ھاياتىدىنمۇ قىممەتلىك ئىنئام تەقدىم قىلغۇچىلارنىڭ ئوبرازى، قىزغا ھازىرغىچە چۈشىنىكسىز بولغان مۇرەككەپ ئىشلارنىڭ ئاددىي، چۈشىنىشلىك جاۋابلىرى، ئىنسان- جەمئىيەت ۋە كەلگۈسى توغرىسىدىكى تەپەككۇر جەۋھەرلىرى... سۆھبەتدىشىنىڭ سالماقلىق، سىرلىق ئاۋازىدا مەست قىلغۇچى قىرائەتكە ئايلىنىپ، قىز قەلبىگە سىڭىپ كىرىپ، قېنىدا ئېقىپ، ئۇنى بىھوش قىلماقتا ئىدى.

قىز نېمە ئۈچۈن، قانداق قىلىپ ئۆزىنى يوقىتىپ، بۇ تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى. ئۇ سۆيۈشۈش، قۇچاقلىشىش بىلەن مەستلىكى يۇقىرى پەللىگە يېتىپ بارغاندىلا ئۇ ئادەمدىن سورىدى:

— سىز باشقىلارنىمۇ مۇشۇنداق سۆيگەنھەم؟

— ھەئە. شۇڭا مېنىڭ يىگىرمە ئالتە ياشلىق ئوغلۇم، يىگىرمە ياشلىق قىزىم بار.

—...ھە...ھە... ئەمدى قويۇۋېتىڭ...

— نېمىشقا، خالىمامسىز؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس ... خالايمەن...بۇندىن كېيىنمۇ باشقىلارنى...

— ياق، ياق، سىز ئاخىرقىسى، ھەممىدىن گۈزىلى، ھەممىدىن پاكىز، ھەممىدىن لەززەتلىكى. سىز ئۇيغۇر قىزى!...

قىز ئەسەبىلەرچە سۆيۈشنى، ۋۇجۇدى بىلەن قۇچاقلاشنى، ئۆزىنى باشقا بىرسىگە پۈتۈنلەي ئاتىۋېتىشنى ئەنە شۇ ئايدىڭ ئاخشىمى ئاشۇ ئادەمدىن ئۆگەندى...

ئاي نۇرىدا يالت-يۇلت قىلىپ قويۇپ، ئاستا پىچىرلاشقان تېرەك ياپراقلىرى، شىلدىر-شىلدىر ئېقىپ، ۋىلىقلاپ كۈلۈپ قويىدىغان سۈزۈك ئېرىق سۈيى، باغلاردىن مەي بولۇپ پىشقان ئالما پۇراقلىرى بىلەن ئەتىر گۈل ھىدىنى ئەكېلىپ سېنىڭ يۈزۈڭگە ئارام بېرىدىغان مەيىن، سالقىن كۈز شامىلى؛ ھەتتا ھورۇنلۇق بىلەن ئارىلاپ-ئارىلاپ ھاۋشۇپ قويىدىغان يېزا ئىتلىرى شۇ ئاخشىمى قىزغا تەڭداشسىز گۈزەل، ئۇنتۇلغۇسىز لەززەتلىك بىلىنگەن. چۈنكى ئۇلار ساپ، غەرەزسىز تۇنجى مۇھەببەتنىڭ شاھىدلىرى...

— ئاشۇ ئوسماندۇۋنى ئويلاۋاتامسىز گۈلزار؟

— ھەئە.

— توۋا، ماۋۇ قىزنىڭ دېگەن گېپىنى، «ھەئە» بىلەن «ياق» تىن باشقا جاۋاب يوقمۇ؟ سىز ئەڭ چاتاق قىز كەنسىز!

— نېمىشقا؟

— چەت ئەللىك بىلەن توي قىلامسىز دېسەممۇ «ھەئە» دەيدىغان ئوخشىمامسىز، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە!

— ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىسىچۇ؟ مەن رۇخسەت قىلمىسامچۇ؟

— رۇخسەت قىلىدى دەيمەن.

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاپ قويۇڭ، ئۇ ئادەم بىلەن مۇھەببەت باغلاپ كاككۇك-زەينەپ بولۇشقا رۇخسەت يوق.

— شامال چىقىشقا رۇخسەت يوق دېيەلەمسىز؟

— ئۇ دېگەن تەبىئەت، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ.

— مۇھەببەتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ.

— ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىشىڭىزگە يول يوق.

— مەيلى، كەتمەيمەن. ئەمما ئۇنى ياخشى كۆرۈۋېرىمەن.

— شۇنچە يىل جىم يۈرۈپ ئەمدى ئۆي-ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتىڭىزدا سۆز-چۆچەك تاپتىڭىزغۇ؟

— مەن ئەمەس، سىز تاپتىڭىز. مېنى ناھىيىگە ئاپىردىڭىز، بىزنى كۆرۈشەلمەيدىغان قىلىپ قويماقچىمۇ سىز؟ بۇنىڭ بىلەن پايدا تاپالمايسىز. ھوقۇقىڭىزنى پايدىسى تېگىدىغان ئىشقا سەرپ قىلسىڭىز بولماسمىدى؟ مانا ناھىيىگىمۇ كەلدۇق، مېنى تۇرمىگە ئاپىرىپ بەرمەسسىز ساۋۇتكا؟

— ئەخمەق، گالۋاڭ قىز، گېپىم بار دەپ دەۋەرمەڭ، سىز ئەڭ، ئەڭ قاملاشمىغان... خىزمەت دېگەن خىزمەت، شەخسىي ئىش دېگەن شەخسىي ئىش. مەن سىزنى ناھىيىگە خىزمەت ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم. مەن سىزنىڭ دۈشمىنىڭىز ئەمەس، ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن سىزگە كۆيۈنۈپ گەپ قىلىۋاتىمەن، تازا بىر ئەڭ، ئەڭ قاملاشمىغان ...

گۈلزارنىڭ قۇلىقىغا ھېچقانداق گەپ كىرمىدى: ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۆزلىگەندىمۇ، تونۇش-بىلىشلىرى ئۇ يەر-بۇ يەردىن گەپ قىلغاندىمۇ ئۇ ھامان رەخىم ئوسمانوۋنى ئويلايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن رەخىم ئوسمانوۋ بىردەممۇ نېرى كەتمىدى. ئۇنىڭ دائىم تۈرۈلۈپتۇرىدىغان قوشۇمىسى، قويۇق قاشلىرى ئارىسىدىكى بىر جۈپ چوڭقۇر سىزىق، خۇددى قىرائەت قىلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىدىغان ئاۋازى، سوئال سورىغاندا قارشى تەرەپنىڭ كۆزىگە «لاپ» قىلىپ قاراپ قويۇپ جاۋابكۈتۈپ ئاسمانغا قاراپ تۇرۇۋېلىشلىرى... ئۇنىڭ چىرايىدىكى، ھەرىكىتىدىكى، ئاۋازىدىكى ھەر بىر ئۆزگىچىلىك قىزنىڭ كۆز ئالدىغا بىر-بىر كېلەتتى-دە، قىزنىڭ قەلبى دىدارلىشىش ئىستىكى بىلەن ياناتتى...

ئۇ ناھىيە مېھمانخانىسىغا كەلگەندىمۇ خىيالىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇنىڭغا ساۋۇت يەنە ئۇچرىدى، لېكىن ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكى ئېسىدە قالمىدى. ئۇنىڭ ئوي-پىكرى، ئارزۇسى ۋە ئىستىكى بىرلا ئادەمگە مەركەزلەشكەن: ئۇنىڭ تۇرۇپلا قاقاقلاپ كۈلگىسى، تۇرۇپلا ھۆركىرەپ يىغلىغۇسى كېلەتتى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتامدۇ ياكى كىتاب ئوقۇۋاتامدۇ؟ ياكى بولمىسا كىتاب ئوقۇپ بولۇپ خىيال سۈرۈۋاتامدۇ؟ نېمە قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراڭغۇ، ئەمما بىرلا نەرسە ئېنىق: ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت يالقۇنى بار، بۇ يالقۇن بارغانسېرى ئۇلغايماقتا.

ئۇ يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ مېھمانخانا ھويلىسىغا چىقتى. ھەممە ياق جىمجىت، يالغۇز ساۋۇت ياتقان ياتاقتىنلا گۈدۈڭلىگەن ئاۋاز كېلەتتى. ساۋۇتنىڭ تولا سۆزلەپ پۈتۈپ قالغان كاراڭ-گۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى: — نېمە، سەن مېنى قېرى دەمسەنا، پېنسىيىگە يەنە ئون يىلدىمۇ چىقمايمەن تېخى. ياش خوتۇن ئالالايمەن، نېمىشقا ئالالمايدىكەنمەن: تازا، ئەڭ، ئەڭ قورامىغا يەتكەن چېغىم بۇ دېگىنە!...

«نېمىشقىمۇ ئون يىل بۇرۇن كەلمىگەنسىز رەخىم ئوسمانوۋ» — دېدى قىز كۆڭلىدىن ئورۇن ئالغان ئادەمنى دوراپ يۇلتۇزلارغا قاراپ تۇرۇپ، — مەن قېرىدىم، قېرى قىز دېگەن نامغا لايىقمەن ھازىر. ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئەيىبسىز ئىدىم. ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك كۆيگەن بولسام بەلكى بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتىم. سىزنىڭ كەينىڭىزگە كىرىپ ھەر قانداق قاراملىقنى قىلالايتتىم. لېكىن ھازىر مۇمكىن ئەمەس، سىزنى ياخشى كۆرۈشتىن باشقا ھېچنەرسە قىلالمايمەن: سىز بىلەن كېتەلمەيمەن، سىز بىلەن توي قىلالمايمەن، سىزنى بەختلىك قىلالمايمەن. ئەكسىچە سىزنى ئاخىرقى ئۆمرىڭىزدە بەختسىز قىلىپ قويىمەن. توۋا، دۆلەت، چېگرا، گىراژدان دېگەن ئوقۇملارمۇ ئاجايىپ قۇدرەتلىك ئىكەنا. ئۇ چەت ئەل پۇقراسى بولغاچقا ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيلۈك بولۇش قىيىن. ئالاھىدە رەسمىيەتلەر بېجىرىلمىسە مۇمكىن ئەمەس. ناۋادا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيلۈك بولۇپ قالسام بۇ يەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورنۇم زىيانغا ئۇچرايدۇ... بەلكى

مەن بۇ يەردىن قايتىپ بارغىچە ئۇ كېتىپ قالار. بەلكى ئۇ ماڭا يالغان سۆزلىگەندۇ، ئۇنىڭ ئايالى بار بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ياكى بۇ يەردىن كەتكىچە مەن بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋالاي دەيدىغاندۇ. بەلكى ئۇ سۆيۈشكە ئەرزىمەيدىغان بىر ئادەمدۇ. بەلكى مەن بىر دەملىك ھېسسىياتنىڭ قۇلى بولۇپ قالغاندىمەن، ياكى ئالدانغاندىمەن. ناۋادا ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە ئۆزۈمنى ئالدىغان بولسام مېنىڭ ئىنسانى قىممىتىم قانچىلىك سالماقتا ئىگە بولۇپ قالارمە؟ ئۆزۈمنى سەزمىگەن ھالدا «چولشكون ئايال شىرونى» ① نىڭ رولىنى ئويناپ قالامدىمەن تېخى. ياكى ئاناتولى كوداگانغا ئالدانغان ناتاشا ② غا ئايلىنىپ قالىمەنمۇ؟...

قىز يۇلتۇزلارغا قاراپ تۇرۇپ، رەخىم ئوسمانوۋ توغرىسىدا ناچار خىياللارغا بېرىلگەندە گويا رەخىم ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندەك ۋە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ: «سۈنئىيلىكنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقانمەن. تەبىئىيلىك بىلەن قايتا تېپىشمىغان بولسام بەلكى سىزگە بولغان بۇ ھېسسىياتىمنى يوشۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن بولار ئىدىم!» دەۋاتقاندەك بىلىندى. شۇ چاغدا ساۋۇتنىڭ ياتىقىدىن كۈلكە ئاڭلاندى. بۇ كۈلكە يالغان - ياسالما بولۇپ ئاڭلاندى. چۈنكى قىز قەلبى راست بىلەن يالغاننى ئايرىشقا ئادەتلەنگەن. كۈلكە يۈرەكتىن ئەمەس، ئېغىزدىن چىقماقتا ئىدى.

گۈلزار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، رەخىم ئوسمانوۋنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنى بىر-بىر كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. لېكىن بىرەرمۇ ياسالما قىلىق، يالغان سۆز ئۇنىڭ يادىغا كەلمىدى. ئۇنىڭ راست بىلەن يالغاننى ئايرىشقا ماھىر قەلبى ئۆزى ياخشى كۆرگەن بۇ ئادەمنىڭ ئۇنى گۇمانغا سالغۇدەك بىر ئەيىبىنى تاپالمىدى.

قىز قەلبىدە يەنە مۇھەببەت يالقۇنى يېلىنجىدى. ئۇ بۇ يالقۇننىڭ تۈرتكىسى بىلەن ياتىقىغا قايتىپ كىردى-دە، قەلەم، دەپتەر ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ شېردىن مۇھەببەت ھېسسىياتىنى شېئىر بىلەن بايان قىلماقچى بولدى.

ئۇ لېرىكا-يۈرەك ساداسى بىلەن ئۆز شېئىرىغا ماۋزۇ قويدى: قېنى، ئۇ باغلار...

## 5

... ئېھ، دېھقانلار، دېھقان كادىرلارى سىلەرنىڭ قەلبىڭلار قايناق يېزا بازىرىنىڭ ئۆزى، ھەممە نېمە كىردۇ، چىقىپ كېتىدۇ، كەچتە قۇپقۇرۇق بولۇپ قالىدۇ. سىلەرنىڭ قەلبىڭلاردا نە سىر، نە مۇھەببەت-نەپرەت، نە قىساس-ئاداۋەت ئۇزاق تۇرالمايدۇ. پەيدا بولىدۇ، يوقىلىدۇ. سىلەرنىڭ بولگونكىدەك سېمونت كۆۋرۈكتە قوشلاردەك قاتارلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىشىپ قىلىشمايدىغان گەپلىرىڭلار يوق. ناۋادا ھازىرقى زامان ئەسۋابلىرىدىن پايدىلىنىپ سىلەرنىڭ غەيۋەتلىرىڭلارنى لېنتىغا ئالساق، بىر قېتىمدا سۆزلىگەن سۆزۈڭلاردىن بىر كىنو، بىر رومان ياكى بىر قېتىملىق كاتتا دىلونىڭ سوراق خاتىرىسى پۈتكەن بولماسمىدى؟

رەخىم ئوسمانوۋ شۇنداق ئويلىدى ۋە سېمونت كۆۋرۈكتە دېھقانلار ئارىسىدا بولۇۋاتقان پاراڭلارنى كۆڭۈل لېنتىسىغا ئەينەن ئېلىۋېلىشقا تىرىشتى.

-ئۇلارنىڭ قاچا-قۇمۇچلىرىنى دەسسەپ نەزىردە مۇشتلاشقىنى نېمىسى-ئە؟

-كىم بىلەن كىم ھوي؟

-سۇلتان بىلەن ۋايىت!

- قايسى سۇلتان، خېچىرما؟ ۋاھ، بىر تۇغقاننىڭ بالىلىرى تۇرۇپ، نېمىسى يېتىشمەي سەتلىشىپ يۈرۈشكەندۇر-ئە؟

-بېرىپ-بېرىپ ئاشۇ قىزنىڭ كېپى!

- قايسى قىزنىڭ؟ گۈلزارنىڭما؟ ھەجەپمۇ

---

① ئالفونس دودىنىڭ «چولشكون ئايال» ناملىق رومانىدىكى ئايال پېرسوناژ. ② «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»تىن.

ئەر چىقىمىدا ئۇنىڭغا...

—سۇلتان سارالق نەزىرىدە ئولتۇرۇپ: ماناپىكامنىڭ قىزى تازا ئەر سىرىدىكەن چېغى، ھېلىقى چەت ئەللىك ئالىمنى ئايدىڭدا قولتۇقلاپ... دېيىشىگە ۋايىت يۈگۈرۈپ-قوپۇپ قولاق تۈۋىدىگە جاڭگىلدە...

—ھا-ھا-ھا...

—مەزىنگە پوشكال قالىمىدى دېگىنە؟

—ۋاي، ۋايىت گوسپاگەي، ھە، راست ئۇ گۈلزارنىڭ تاغىسى بولىدۇ-دە.

—سۇلتاننىڭ تاغىسى ساۋۇت شىياڭجاڭ ئەمەسمۇ، سارالق. ئاتايىن قىزنىڭ يامان كېپىنى قىلغان گەپ. نېمىشقا بولاتتى، ساۋۇت شىياڭجاڭ شۇ قىزغا قانات سۆرەيدىكەن، قىز ئۇنىمايدىكەن، ئۇنايتتىمۇ ئۇ قېرىغا ئەمىسە!

—تاپقان ئادىمىمۇ ساۋۇت شىياڭجاڭدىن قېرىكەنغۇ؟

— ئۇ دېگەن ئالىم، سارالق هوي!

— ساۋۇت خاپامباشچۇ؟ ئالىمدىن قالاتتىمۇ، ئۇمۇ شىياڭجاڭ! ئۇچىمىدا گاستۇم-بورۇلكا، بېلىكىدە ئېسىل سائەت، ئاستىدا پىكاپ، بولىمىدىمۇ؟ ئۇ قايسى ئالىمدىن كەم؟

—پىكاپ، سائەت دېگەنلىرىڭ سودىگەرلەردىمۇ ۋاچاڭگىدە، ئادىشوي!

— ھەي، ئۇلارنى مۇشتلاشتى دەيسىلەر، ئەتىگەن يەنە بىللە تام سوقۇۋاتامدۇ، سۇلتان توپا تاشلاۋاتامدۇ، ۋايىت تاپانداۋاتامدۇ.

—ئامما لېكىن، ساۋۇت شىياڭجاڭنىڭ ئىنىسىنى يامان ئۇردۇۋېتىپتۇ جۇمۇ؟

—كىملەر هوي؟

—ھۆسەيىن قاردۋاينىڭ ھارۋىسىنى سوراپ كېچىدە كىرىپتۇ دېگىنە، قاردۋاي يوق چېغى، تۇرسۇن لەقۋا قايتىپ چىقىماي ئۇنىڭ بالائىمىتىۋاتقان خوتۇنى بىلەن پاراڭلىشىپ قاپتىكەن. قاردۋاي ئۇستىلەپ كىرىپ قاپتۇ-دە، غىڭ-پىڭ قىلمايلا مۇشتلاپتۇ، ۋارقىراپتۇ، ھەش-پەش دېگۈچە قاردۋاينىڭ ئىنىلىرى كىرىپ ئۇرە-ئۇر قىلىپ بىچارە تۇرسۇن لەقۋانى خېمىر قىلىپ تاشلاپتۇ. ھوش-كاللىسىنى بىلمەي ياتقۇدەك.

—خوتۇنى بىلەن پاراڭلاشقانغا ئۇرامدۇ، چاقچاق قىلغان گەپ.

—ياقەي، تۇرسۇن ئەللا-بىللا چېقىلمىدىم دېگۈدەك. يالغان گەپ قىلمايدۇ ئۇ لەقۋا!

— مۇشتلىشىش كۆپىيىپ قېلىۋاتىدىغۇ، ئەتىگەن مەنمۇ مۇنۇ غولام ئەپەندى بىلەن تاسلا قالدىم دېگىنە.

— نېمىگە هوي؟

—كونا ئۆيىنى بۇزغان، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپ بىر تۈۋرۈك ئېلىنماي قېلىۋىدى، ئەتىگەن چىقسام يوق. قوشنىلار ئالمىسا كىم ئالىدۇ دەيسەن، غولام ئەپەندىنىڭ ئېغىلىنى ئاختۇرمايمەنمۇ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ يۈرىدۇ. تازا سالاي دېۋىدىم، ھېلىقى مېھمان ئاغىنىسى چىقىپ قالدى.

—سەن نېمىشقا خەقنىڭ ئېغىلىنى ئاختۇراتتىڭ ئەمىسە؟

—سەن بارمىدىڭ هوي، قېيناغاڭنىڭ تەرچىمىنى ئېلىپ نېمە پايدا ئالاتتىڭ!؟

—ئاكام بوشلۇق قىپتۇ، زىيالىي-دە. مېنىڭ ئېغىلىمنى ئاقتۇرىدىغان بولساڭ، بۇرنىڭنى ئېزىۋېتەتتىم، قارا ئىشەك!

—ئاغزىڭنى تارت هوي، ئالا قانجۇق!

— ئاناڭنى، ئىگىچە-سىڭلىڭنى، يەتتە پۇشتىڭنى!

— كېلە ئاناڭنى، سەن ئېشەكتىن قورقسام!

— قويۇۋەت دەيمەن، بۇ قانجۇقنى ھېلى!

بۇ يېڭى مۇشتلاشچىلار يېزا غەيۋىتىنىڭ بېلىگە تەپتى. ئولتۇرغانلار ئۆرە-تۆپە بولۇشتى. يېزىنىڭ تىنچ ئاسمىنىدا تىلغا ئالغۇسىز تىللار ئۇچۇشقا باشلىدى.

رەخىم ئوسمانوۋ شۇ چاغدىلا بېرىتكىنىڭ كەينىدىكى باياتىن غەيۋەت ئاڭلاپ ئولتۇرغان يېرىدىن تۇردى.

«ئاجايىپ ئىش-ھە؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ئاسمانىدىكى ئاپئاق كۆز بولۇتلارغا قاراپ تۇرۇپ، — شەھەرلەردە ئەرلەر قىزلار بىلەن پاراڭلاشسا ھېچكىمنىڭ ئىشى يوق. چەت ئەللەردىمۇ كوچىلاردا، مېترو پەلەمپەيلىرىدە سۆيۈشۈش ئادەتتىكى ئىش. لېكىن بۇ يېزىدا مۇئەللىمە قىز بىلەن چوڭ كوچىدا پاراڭلاشسىمۇ (كەچ بولسا نېمە بوپتۇ؟) بىر ئەخلاقسىزلىق. بۇ سۆيۈملۈك ئادەملەر چەكلەۋاتقان، قوبۇل قىلالمايۋاتقان بۇ ئىشلار نەق ئۆزلىرىگە ئەڭ زۆرۈر، ھەممىسى ياخشى كۆرىدىغان ئىش، يەنى مۇھەببەت. ئۇلارنىڭ ھەممىسى فېروئىدزم نەزەرىيىسى بويىچە ھاياتلىقنى ماماتلىقتىن ئەۋزەل بىلىدۇ. ئۇلار مۇھەببەت، نەسىل قالدۇرۇش، جىنسىي ئىستەكنى ھاياتنىڭ مېغىزى، خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى دەپ بىلىدۇ، لېكىن شۇنداق تۇرۇپ ئۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ، چەكلەيدۇ. ئۇلار ئۆزىگە زۆرۈر بولغان نەرسىلەردىن سىرتقى نىقاب بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى «گۈزەللىك» دەپ ئويلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مۇھەببىتى — بەختى بىلەن خۇشاللىنىش ھېسسى بۇلار ئۈچۈن ئوياتلىق بىلىنىدۇ. گەرچە بۇ مۇشۇ مەھەللىنىڭ خاسلىقى بولسىمۇ، ئۇ مىللىي ئاڭ، شەرققە خاس قاتماللىقنىڭ بەلگىسى»...

ئۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئاز گەپ قىلىدىغان، ھەتتا سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن باشقا گەپ قىلمايدىغان، كۆزەينەك تاقىۋېلىپ، خېتى ئۇششاق بىر كىتابنى باش كۆتۈرمەي ئوقۇيدىغان، قېلىن دەپتەرگە لاتىن ھەرپلىرى بىلەن بىر نېمىلەرنى يېزىپ نەچچە سائەتلەپ، ھەتتا كۈنلەپ ئولتۇرىدىغان بولۇۋالغان ئىدى.

مەھەللە خەلقى بۇ «دۇنياغا داڭلىق ئالىم» توغرىسىدا نېمىلەرنى دەپ، نېمىلەرنى ئويلىغانلىرىنى رەخىم ئوسمانوۋ بىلەلمىگەندەك بۇ ئالىمنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ، نېمىلەرنى يېزىپ يۈرگىنىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى. بەلكى ئۇ «شەرق ئېگى» دېگەن تېمىدا بىر ئىلمىي ئەسەر يېزىۋاتقاندۇ، ياكى «تاۋار ئىقتىسادى» بۇ يېزىدا نېمىلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى خاتىرىلەۋاتقاندۇ، ياكى گۈلزار توغرىسىدا چىرايلىق خاتىرە يېزىۋاتقاندۇ، ياكى بولمىسا غەرب جەمئىيەتشۇناسلىرىغا مۇناسىپ بىر كۈندىلىك خاتىرە يېزىۋاتقاندۇ، ھېچبولمىسا دوستى ياكى بالىلىرىغا سالام خەت يېزىۋاتقاندۇ...

ئۇ بوتكىنىڭ كەينىدىن لوڭگىدە كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ماجىراچىلار جىمىدى، ھەممە خەق ئورنىدىن تۇردى، ھەممىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى.

قىزىل دۇخاۋا بۆكنى ئاپئاق چېچىنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان بولسىمۇ «چەت ئەللىك» ئىكەنلىكى «مانامەن» دەپ بىلىنىپلا تۇرغان بۇ مېھمان كەلگىلى ئون نەچچە كۈن بولغان بولسىمۇ يېزا خەلقى تېخىچە ئۇنى يېقىن كۆرەتتى. ئۇلارغا مېھماننىڭ تار پۇشقاقلىق بۇرۇلكىسىمۇ، ياقىسى كىچىك كۆڭلىكى، ئالا — بۇلماچ گالستۇكى، قېلىن چەملىك ئايىقى، گەپ قىلىشلىرى، كۈلكىسى، ھەتتا يوغان چامداپ ئاستا مېڭىشلىرىمۇ يوچۇن ۋە غەلىتە بىلىنەتتى. مانا ئۇ يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئورنىدىن لوڭگىدە تۇرۇپ، غەلىتە كۈلۈپ قويۇپ ماڭغىنىدا قوللىرى قوشتۇرۇلغان بىر توپ ئادەم ئىچىدىن ئۇنىڭغا گەپ قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى، ئۇ ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن بولسا ھەممىنىڭ ئاغزى تەڭ ئېچىلىپ، راست — يالغاننىڭ ھەممىسى بىراقلا ئوتتۇرىغا چىقتى. ناۋادا رەخىم ئوسمانوۋ زامانىۋى خاتىرە — ئۈن ئالغۇسىنى توغرىلاپ قويۇپ كەتكەن بولسىدى، مۇنۇ قىزىقارلىق گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلگەن ۋە راھەتلەنگەن بولاتتى!

— مانا ئەمدى قانجۇق بىلەن ئېشەكنىڭ

(بايىقى جېدەلچىلەرنى دېمەكچى) بايىقى تىللىشىشلىرى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدىغان بولدى - دە! ھا-ھا-ھا...

— ھا-ھا-ھا...

— ھى-ھى-ھى... سۈرەتكىمۇ ئېلىۋالدى دېگىنە، كۆرگەنلا نەرسىنى سۈرەتكە ئالىدىكەن بۇ ئادەم.

— بالىلاردىنمۇ قىزىق گەپلەرنى سورايدىكەن ئۇ ئالىم. بىزنىڭ سەدەردىن قانچىگە كىردىڭ؟ دەپ سوراپتىكەن، ئون يېرىمغا دەپتۇ. ئاپاڭ بىلەن ياتامسەن، داداڭ بىلەنمۇ؟ دەپ سوراپتىكەن، سەدەر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەپتۇ، كىمگە قاراپ ياتىسەن؟ دەپتىكەن، دادامغا دەپتۇ. ئۆزۈڭ يۇيۇنامسەن، ئاپاڭ يۇيۇپ قويامدۇ؟ دەپتىكەن بىزنىڭ سەدەر بالىلار بىلەن ئۆستەڭدە چۆمۈلىمىز دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ھا - ھا - ھا...

— بۇ ئادەمدە تارتىنىش، قورۇنۇش دېگەن يوقكەن - دە، ھە؟

— مەندىنمۇ قىزىق سوئال سورىدى: ئاكا، ھازىرمۇ ئەر - خوتۇن قېپيالىڭاچ بولۇپ بىر يوتقاندا ياتامسىلەر دەپ سورىماسمۇ، نومۇس قىلىپ ئۆلەي دېدىم.

— ھەجەپ يالىڭاچ ياتقاندا نومۇس قىلمايسەن، دېيىشكە نومۇس قىلىدىكەنسىنا!

— قىلغاننىڭ ھەممىسىنى دېگىلى بولاتتىمۇ ئەمىسە!

— ئۇلار دەۋېرىدىكەن ئەمەسمۇ.

— كاپىر - دە، ھاياسىز.

— بىرىڭ ئالىم دەيسەن، بىرىڭ كاپىر دەيسەن، قايسى راست؟

— ئىككىلىسى راست، ئالىم دېگەن كاپىر بولىدۇ.

— مۇسۇلماندىن ئالىم چىقمامدۇ ئەمىسە؟

— چىقسا ئاتوم بومبا ياسىمايتتىمۇ، ئايغا چىقمايتتىمۇ؟

— ھەي، بۇ ئادەم زادى نېمىنىڭ ئالىمىكەن؟

— تۇككىنىگىنۇ دەيمەن.

— ياقەي، ئىجتىمائىي پەن ئالىمى.

— نېمە دېدىڭا، نېمە ئۇ ئىجتىھادى دېگىنىڭ؟

— جەمئىيەت بولمامدۇ.

— راستلا، دېھقانلار جەمئىيەتنى يوقاپ كەتتىغۇ ھوي.

— جەمئىيەتنى تەكشۈرۈپ كىتاب يازىدىكەن بۇ ئادەم، مىسالى، بىزنىڭ يېزىدا قانچە ئادەم كۆپەيدى، ساۋاتسىز قانچە، ناماز ئوقۇيدىغان ياشلار نەچچە، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى توي قىلىشقا زورلامدۇ دېگەندەك.

— ھەي، ئۇنىڭغا نېمىنى سورىسا دەۋەرمەڭلار، چەت ئەل گېزىت - ژۇرناللىرىغا يازىدۇ دەيدۇ تالىپ ئۇماچ.

— دەۋېرىدۇ ئۇ ئۇماچ. بۇ ئادەم ئىشپىيونمىدى.

— ئەمما قىز ئوۋلاشقا ئۇستىكەن جوھۇت، ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمىغان قىزدىمىزنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى!

— كوچىمىزدا ئاشكارا قىز قولتۇقلاپ ماڭغان مۇشۇ ئۇزۇنتۇراغۇ دەيمەن!

— ئۇنى سالىدىغان بىرى چىقمىدىغۇ تاڭ، ئۇ ئىشپىيون ئوخشايدۇ.

— ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ جۇمۇ.

— راست، ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

— ئىشپىيون دېگەن چوڭ - چوڭ ئىشلارنى سوراشتۇرا؟ بۇ ئادەم يوتقان ئىچى، ئىشتان ئىچىدىكى ئىشلارنى سوراپ يۈرسە.

— ھېلىقىدەك كىنولارنى چىقىرامدىكەن يا؟

— ئۇنىمۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ.

— قاندىقىنى دەيسەن؟

سۆيۈشىدىغان كىنولارنى - دە.

— بىز خەق شۇنچىلىكىنى بىلىمىز. كۆرگەنلەر تازا كۆرۈپتۇ. سىيىت كاززاپ قېپيالىڭاچ بولۇپ نەق ھېلىقىدەك سەتچىلىك

قالمىشىدىغان كىمنى كۆردۈم دەپ يۈرەمدۇ!

— ئۇ كاززاپ كۆرىدۇ. بىر كۈن مەھەللىدە تۇرسا ئون كۈن سىرتتا...

دېھقانلار سېمونت كۆۋرۈك ئۈستىگە قايتىدىن جايلىشىۋېلىپ ماۋزۇسىز، باش - ئاخىرى يوق پاراڭنى يەنە باشلىدى. ئەلۋەتتە بۇ خىل پاراڭ ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچقاندىلا ئاخىرلىشىدۇ.

رەخىم ئوسمانوۋ خىيال بىلەن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى دەرۋازىسىغا كېلىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— غايىۋى ئىستەك! — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئاتىنىڭ ئۆز ئوقۇردىنى، توخۇنىڭ ئۆز كاتىكىنى تاپقىنىدەك ستىخىيىلىك ئىنتىلىش، مەن راستىنلا ئاشىق بولغان ئوخشايمەن. تۇنجى قېتىم لېنىنگرادتا، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ يۈرۈپ ھېلىقى يەھۇدى قىزغا ئاشىق بولغان ئىدىم. ئەمما ئاشىق بولغانلىقىمنى سەزگەن ھامان ئۇنىڭغا ئېيتالمىغانمەن. ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ قانداق سۆيگەن؟... لېكىن كۆزۈمگە، پېشانەمگە، مەڭزىمگە سۆيگەن. لەۋلىرىم تەشنا پېتى تۇرۇۋەرگەن ئىدى. كېيىن ئۇ ماڭا تەسەللىي بەرگەن ۋە ئۆز سۆيگىنىنىڭ ياتىقىغا باشلاپ بېرىپ: «تونۇشۇپ قوي يورا، بۇ شەرق يىگىتى ماڭا ئاشىق بوپتۇ، بۇ پەرھاد، لېكىن مەن ئۇنىڭ شىرىنى بولالمىدىم» دېسە، «— ئەپسۇس، — دېگەن ئىدى تولىمۇ چىرايلىق، قارا كۆز، ئاق يۈزلۈك يورا كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن سېنىڭ شىرىن بولۇشۇڭغا توسقۇن بولدۇم»... ئەنە شۇنداق، ئۇ چاغدا ھەممە گەپ دوستلۇق بىلەن، كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشقان.

كېيىن ئىككى قېتىم توي قىلدىم، ئۇ قىزلار ماڭا ئاشىق بولۇشقان، كېيىن بىردىن بالىلىق بولۇشقاندىن كېيىن باشقا ئەرلەرگە ئاشىق بولۇشتى. ھەي، ياۋروپا، سەندە ھەممە گەپ ئاشكارە، ئۇ يەردە يوشۇرۇپ، بۇرۇختۇم بولىدىغان سىر بولمايدۇ.

بۇ يەردىچۇ؟ مەن ئاشىق، لېكىن بىرىدىگە تىنالمايمەن. دوستۇم غولام چېغىدا «مەن ئاشىق» دېگەن سۆزنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. ئۇ دەپتىرىگە شۇنچە جىق بىلىم يېغىلىقلىرىنى يازغان بىلەن ئىنسان قەلبىنىڭ نازۇك سىرلىرىدىن ساۋاتسىز: بۇ يەردە مۇھەببەتسىزمۇ بالىلىق بولۇپ، خۇشال - خۇرام ياشاشقا بولىدۇ. ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنىڭ ئىسمىنى ياتلار قاتارىدا ياكى دۈشمەنلەرى قاتارىدا تىلغا ئېلىشىدۇ. ياۋروپالىقلار قىزلىرىنىڭ سۆيگىنىنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئادىمى دەپ بىلىشىدۇ. ئائىلىسىگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلگىنى ئۈچۈن ئۇنى قەدىرلىشىدۇ. بۇ يەردە مەن گۈلزارنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىم ئۈچۈن قىزنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىنلىرى ماڭا ئۆچلۈك قىلىشىدۇ. مەن ياش يىگىت بولغان بولسامچۇ؟ بەلكى ئوخشاشلا دۈشمەنلىك بولغان بولار ئىدىم. قېنى بۇ يەردە ماڭا ئالايمايدىغانلاردىن قانچىلىك چىقار ئىكەن...

رەخىم ئوسمانوۋ بوينىغا ئاپپارات ئاسقان، بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرىدىغان ئەترەك كاستۇم، بۇرۇلكا، قىزىل شاتلانكىدىن كۆڭلەك كىيىپ ياقىسىنى كاستۇمىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋالغان، بېشىغا قىزىل دوخاۋا دوپپا كىيىپ، ئاپئاق قويۇق چاچلىرىنى پورەك چىقىرىۋالغان ھالدا مەكتەپ قورۇسىدا پەيدا بولۇش بىلەن تەنەپپۇسقا چىققان بىر نەچچە يۈز ئوقۇغۇچى بىلەن قىرىق - ئەللىك ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆزى بىراقلا ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ ئوماق بالىلارغا قاراپ كۈلەتتى، قول ئىشارىسى قىلاتتى. بالىلار ئۆزلىرى بىلىدىغان چەت ئەل تىللىرى بىلەن:

— بەيبەي! بىزنىڭ سىنىپ تەربىيىچىنىڭ ئوبيېكتىسى!

— ئەللۇ! گۈلزار مۇئەللىمنى ئىزدەپ كەپتۇ!

— گۇدمونىڭ! قېرى ئادەممۇ ئوبيېكتتا تۇتىدىكەن، ۋەي!... دېيىشەتتى.

مۇئەللىملەر بىر - بىرىگە قارىشىپ، مەنىلىك

كۈلۈشۈپ، ئاۋازسىز سۆزلىشەتتى، قاقاقلىشىپ كۈلۈشەتتى. لېكىن رەخىم خۇددى ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك، گويا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك تەبىئىي، تەمكىن كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئۇدۇل ئايال ئوقۇتقۇچىلار توپلاشقان گۈللۈك يېنىغا كەلدى:

— ياخشىمۇ سىلەر خانىم - قىزلار؟

— ياخشىمۇ سىز؟

لېكىن ئۇنىڭغا بىرمۇ ئايال ئوقۇتقۇچى كۆرۈشكىلى قول ئۇزاتمىدى. ئۇ گەرچە شۇنى خالىسىمۇ، ئاياللار قورۇنۇپ بىر - بىردىگە قارىشىپ، قىزىرىپ - تاتىرىپ، ھېلىلا قاچىدىغاندەك داجىشماقتا ئىدى.

— گۈلزار قىز قايتىپ كەلمىدىمۇ ؟

بۇ ئادەتتىكى سوئال ئاجايىپ قاتتىق كۈلكە قوزغىدى.

— مەن كۈلكىلىك گەپ قىلىپ قويدۇممۇ خانىم - قىزلار؟ — رەخىم ئوسمانوۋ ئاياللارغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ بولۇپ سورىدى، — ياكى جۈملە خاتالىقى بارمۇ سۆزۈمدە؟

— ياق، نېمىگە كۈلدۈقكىن تاڭ؟ — بىر نەچچە ئايال تەڭلا جاۋاب بەردى.

— گۈلزار قىزنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشىم ئەدەبسىزلىكمۇ - يا؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس.

— گۈلزار بىلەن دوست بولۇپ قالدۇق، — دېدى ئۇ «دوست» سۆزىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، — بۇنداق دوستلۇق كۈلكىلىك تۇيۇلامدۇ يا؟

بۇ قېتىم جاۋاب بېرىدىغان ئادەم چىقمىدى.

— بىز خەق قالاق! — دېدى گۈلزارنىڭ رەيھانگۈل ئىسىملىك دوستى كۈلۈپ تۇرۇپ، — تانسا ئويناشقا تېخى يېڭىدىن كىرىشىۋاتىمىز.

— ياق، ئۇنچىلا ئەمەسكەن، — دېدى رەخىم كۈلۈپ قويۇپ، — بازار كوچىلىرى قىز - يىگىتلەر ۋېلىسىپىتقا مىنگىشىپ قالتىس چېپىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ياسىنىشلىرى ياۋروپاچە.

— لېكىن ئىددىيىسى قالاق، — دېدى رەيھانگۈل كۈلۈپ، — قىزلار يىگىتلەر بىلەن تولا قاچىدۇ. سىزمۇ قىز ئەپقېچىپ يۈرمەڭ يەنە!

بۇ چاقچاق بىلەن ئۇلار قاتتىق كۈلۈشتى.

كۈلكە بىلەن چاقچاق باشلىنىپ كەتتى. باياتىن يېتىرقىشىپ يۈرگەن چاقچاقچى يىگىتلەرمۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئەتراپتىن ھەيدىۋېتىپ چاقچاققا قېتىلدى:

— بىزنىڭ مەھەللىنىڭ قىزلىرىنىڭ يېرىمىدىن تولىسى قېچىپ تەگكەن!

— ئەرلەرنىڭ يېرىمىمۇ قىز ئەپقاچقانلاردۇ ئەمەسە؟

«قېچىش»، «ئەپقېچىش» دېگەن سۆزلەر رەخىم ئوسمانوۋغا تونۇش بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەن. ئۇ «قېچىش»نى قىز - يىگىتلەر بىر ئاتقا مىنگىشىپ يىراققا — بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە قاچىدۇ، دەپ چۈشىنەتتى. بۇ سۆزنى ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ئاڭلاپ باقمىغاچقا بۈگۈن قايتا ئاڭلاپ بۇ گەپكە قىزىقتى:

— قانداق قاچىدۇ، پىيادىمۇ، ئاتلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سىز ماشىنا بىلەن قاچسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— ئايروپىلان بىلەن دېگىنە!

— خەلقئارا مەسىلىگە ئايلىنىپ دېرىك ياكى ھېنتىردەك رازۋېتچىكلارنى ئىشقا سالىمىزمۇ تېخى!

— ھا - ھا - ھا...

— ھى - ھى - ھى...

ئۇ كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ راھەتلىنىپ كۈلدى. لېكىن ئۇ ھامان مۇشۇ «قېچىش»، «ئەپقېچىش»نىڭ مەزمۇنىنى بىلىۋېلىشقا قىزىقاتتى.

— قېنى، بىر دېگىلار دەپ بەرسەڭلاركەن، قىز - يىگىتلەر قانداق قاچىدۇ؟

— ھازىر ۋېلىسىپىت بىلەن قاچىدۇ. قىز بويىسىنى قولتۇقلاپ يىگىتنىڭ ۋېلىسىپىتىگە مىنگىشىدۇ-دە، بىر ئاغىنىسى ياكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە

بىردۇبىلەپ، ئەتىسى ئاتا - ئانىسىغا خەۋەر قىلىدۇ.

— يىگىتنىڭمۇ، قىزنىڭمۇ؟

— يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىغا - دە. يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى بولۇپ بارىدۇ - دە، «بالىلىرىمىز پوق يىمەسلىك قىلىپ قويۇپتۇ» دەپ ئېيتىلىدۇ.

— نېمىشقا قاچىدۇ، ئاتا - ئانىسى رازى بولمىغاچقىمۇ؟

— ئاساسەن شۇنداق، لېكىن ھازىر توي قىلىشقا كۈچى يەتمەيدىغانلارمۇ قىز ئېلىپ قاچىدىغان بولۇۋالدى.

— تويى ئەرزان بولامدۇ؟

— شۇنداقتە، قاچقان قىزنىڭ بوغچىمىسى يېنىك بولىدۇ.

— ھا - ھا - ھا... ھازىرمۇ ئىسيان مەنىسىدە ئىكەن، — دەپ قاتتىق كۈلدى رەخىم ئوسمانوۋ، — ئىسياننى يوقاتماق تەس ئىكەن. ھازىرمۇ ئات مىنگەندە ئەرلەر كەينىگە مىنگىشەمدۇ؟

— ياق، ياق. ھازىر ئاياللار ئېشەك ھارۋىسىنىڭ كەينىگە ئولتۇرىدۇ. ئاتقا مىنگەشمىش ئازىيىپ كەتتى دەڭا!

ئۇلار قوڭغۇراق چېلىنغىچە قەدىمكى يېزا ئادەتلىرىنىڭ قالدۇقلىرى توغرىسىدا خېلى پاراڭلاشتى.

رەخىم ئوسمانوۋ مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرگەندە ئۇنى دوستى غۇلام سوغلا قارشى ئالدى.

— ئولتۇرغىن، — دېدى ئۇ قاتتىق ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، — شەھەرگە كىرىمەن دەۋاتاتتىڭ، كىرمەمسەن - دە؟

— ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمىدىم.

— شۇنداق، بىزدە قاتناش ياخشىلاندى، لېكىن سىلەرنىڭ تەلەپلىرىڭلاردىن جىق يىراق. سېنى ئۇ يەرگە، بۇ يەرگە ئاپىرىدىغان شەخسىي ماشىنىمۇ يوق.

— چۈشىنىشلىك، ماشىنىمۇ يوق، ئاپىرىدىغان ئادەممۇ يوق، ئۆيىگە چىللايدىغانلارمۇ تۈگىدى، مەن يېڭى كەلگەندە بۇ يەرنىڭ خەلقى باھاردەك ئىللىق ئىدى، مانا ئەمدى قىش! - ئۇ قاشلىرىنى ھىمىرىپ، دولىسىنى چىقىرىپ قويدى ۋە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، - قاتتىق زېرىكتىم، گۈلزار قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟

— نېمە، گۈلزار؟

غۇلام سەل تۇتۇلۇپ ئاغىنىسىگە قارىدى.

— نېمە، سەنمۇ كۈنچىلىك قىلىۋاتامسەن نېمە؟

— كۈنچىلىك؟ مەن ساۋۇت شياڭجاڭ ئەمەس. لېكىن سەن ھە دېسىلا ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئاغزىڭغا ئالىۋەرمە ئاداش.

— نېمىشقا؟

— سۆز - چۆچەك تولا. يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە ھەممىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ.

— ئانداق بولسا ياخشىغۇ، مەن قېيىن سىڭلىڭ بىلەن توي قىلىشقا تەييار، ئاداش. يە باجا بولۇشقا رايىڭ تارتامدۇ؟

— ئۇنداق بولسىغۇ گۈل گۈلگە كېلەتتى، لېكىن قاملاشمىقى تەس.

— نېمىشقا؟

— سەن بىر چەتئەللىك. بۇنداق ئىش بىزدە بولۇپ باقمىغان. بۇنىڭغا ھۆكۈمەت نېمە دەيدۇ تېخى. بوۋاي بىلەن موماينىڭ كەنجى قىزىنىڭ چەتئەلگە چىقىپ كېتىشىگە ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. بولۇپمۇ بوۋاي ئىنتايىن خاپا!

— سەنچۇ، ئايالىڭچۇ؟

— بىزگىمۇ تەس، ئاداش.

— ئۇنداقتا ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم قالماپتۇ - دە. ئەركىن مۇھەببەت شۇنچىلىك ئېغىر گۇناھمۇ - ھە؟

— لېكىن سەن يىگىت ئەمەستە. راستىنى ئېيتساق بىزدە بوۋايلار مۇھەببەتلەشمەيدۇ.

— بوۋايلارمۇ ئادەم، — دېدى رەخىم ئوسمانوۋ بېشىنى لىڭشىتىپ ئاچچىق ئەلەم بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، — قېنى ئەمدى بىرلا ئادەم

قالدى، گۈلزار بۇ ئىشقا نېمە دەيدىكەن؟

ئۇ كوچىغا چىقىپ كۆز ئاسمىنىدىكى ئاپئاق بۇلۇتلارغا قارىدى. ئاسمان سەل قارايغان، بۇلۇتلار ئاستىدا يالغۇز بۈركۈت سوزۇلۇپ ئۇچماقتا، ئۇ نېمە ئىزلەپ يۈرىدىكەن؟

6

ساۋۇت ئۆز ئىشخانىسىدا ئىش ئۇستىلى ئالدىدا غادىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، بىرسىگە كايىۋاتقاندا غولام ئەپەندى چىرايى ئۆمسە هالدا كىرىپ كەلدى:

— ئولتۇرغىن!— دېدى ئۇ غولام ئەپەندىگە قاراپ قويۇپ،— ئازراقلا پاراڭلىشايلى! گەپنى ئەگىتىپمۇ يۈرمەي، هېلىقى ئۇزۇنتۇرا ئاغىنەڭ ئەمدى كەشىنى توغرىلىمىسا بولمىدى.

— سەن يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ شياڭجاڭى، گەپنى هۆكۈمەت تىلىدا سۆزلە ئاداش، ئۇزۇنتۇرا، ئاغىنەڭ دېگەنلىرىڭ نېمىسى؟ دۇنياغا داڭلىق جەمئىيەتشۇناس ئۇيغۇر ئالىمى رەخىم ئۇسمانوۋ ئۇ. ئۇ مېنىڭلا ئاغىنەم ئەمەس، بىزنىڭ پەخرىمىز!

— هىم، مۇنداق دە، ماقۇل، دېگىنىڭدەك بولسۇن، شۇ پەخرىڭنى تېزرەك يولغا سال.

— ئادەملەرنىڭ تۇرۇش - كېتىش ئەركىنلىكى ئۆزىدە، سەن بىلەن مەن بۇنى بەلگىلىيەلمەيمىز.

— سەن بەلگىلىيەلمىسەڭ، مەن هۆكۈمەت نامىدىن بەلگىلىيەلەيمەن، ئۇنى ئەتىلا يولغا سالىسەن!

— ساۋۇت شياڭجاڭ، سەندە بۇنداق هوقۇق يوق. كېيىن تىرنىقىڭنى تاتىلاپ قالارسەن، يەنە دەپ قوياي: ئۇ دېگەن دۇنياۋى ئادەم، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا كىچىكلەپ كېتىۋاتىدۇ!

غولام ئەپەندى ئورنىدىن تۇردى، ئۇ غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەن ئىدى، — ئۇ نېمە قىپتۇ؟ گۈلزارغا ئاشىق، شۇمۇ گۇناهمۇ؟ دۇرۇس، گۈلزار بۇ ئەترەپتىكى هېچكىمنى ياراتمىدى، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەنلەر ناهايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ سانى 20-30 غا يېتەر، مانا شۇلار چىداشمىدى، ئەڭ چىدىمىغىنى نەق سەن، سەن ئۇنىڭ خىلىمىدىڭ؟ نېمەڭگە ئىشىنىسەن؟ ساڭا ئوخشاش ئادەملەر نېمىسى بىلەن مېنىڭ سىڭلىمنى ئۆزىگە قارىتالايتتى!

ئۇ سۆزلىگەنسېرى غەزەپلىنەتتى، ئاۋازىمۇ بارغانسېرى كۆتۈرۈلەتتى. ساۋۇت غولام ئەپەندىنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقى بارلىقىنى كۆرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئەتراپتا هېچكىم ئۇنىڭغا بۇنچىلىك قاتتىق گەپ قىلىپ يېغىرىغا تەگمىگەن ئىدى.

— سەن ئۆلۈمتۈك!— دېدى ساۋۇت غەزەپتىن كۆكىرىپ،— كىمگە گەپ قىلىۋاتىسەن؟ ئەڭ، ئەڭ سېسىق زىيالىي!...

— نېمە؟ تېخىچە شۇ گەپمۇ؟ سەندىنمۇ سېسىقمۇ مەن؟ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىڭنى بىلمەيدۇ دەمسىنا؟

— نېمىنى بىلىسەن، نېمە قىلىپ يۈرۈپتىمەن؟— ساۋۇتنىڭ يوغان بۇرنى بىردىنلا تەرلىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ هازىرلا ئېتىلىدىغاندەك قىياپەتتە غولام ئەپەندىگە هۆرپەيدى،— سەن پارتىيە ئەزاسى تۇرۇپ كىمنىڭ كەتمىنىنى چېپىۋاتىسەن، سەن ئەڭ، ئەڭ ئۇچىغا چىققان!...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرەلمىدى. غالىلداپ تىترەپ تۇرغان غولام ئەپەندىنىڭ تارمۇش مۇشتۇمى ئۇنىڭ ئاغزىغا تەگدى.

ئىشخانا ئىچى ئالا - توپىلاڭ بولۇپ كەتتى، ئاجراتقۇچىلار ئاخىر غولام ئەپەندىنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ساۋۇت قانىغان بۇرنىنى قول ياغلىق بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ، تۇتۇۋالغۇچىلارنىڭ قولىدىن چىقىش ئۈچۈن هەدەپ يۇلقۇناتتى ۋە:

— سەن ئىتنى سولىتىۋېتىمەن، پارتىيىدىن قوغلايمەن،— دەپ ۋارقىرايتتى.

نەق مۇشۇ كۆرۈنۈش ئۇستىگە رەخىم ئۇسمانوۋ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا كىچىككىنە چامادانىدىن باشقا هېچنېمىسى يوق ئىدى. ئۇ گويا هېچنېمىنى كۆرمىگەندەك ئادەملەر

بىلەن بىرگە - بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئا-
خىر ساۋۇتقا قول سۇنۇۋىدى، ساۋۇت سول قو-
لىدا بۇرنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئوڭ قولىنى ئۇ-
زاتتى:

— ياخشىمۇسىز، ياخشىمۇ؟ ئەڭ قاملاش-
مىغان چاغدا... بىسەرامجانلىق! بىز مانا مۇ-
شۇنداق، ئەڭ ئۇششاق...— ئۇ نېمە دەۋاتقىنىنى
ئۆزىمۇ چۈشەنمىگەن ھالدا ئالدىدىكى كونا تو-
نۇش، يېڭى دۈشمىنىگە ھودۇقۇپ — تەمتىرەپ
ئورۇندۇق كۆرسەتتى، — قېنى ئولتۇرۇڭ، ئولتۇر-
غىن ئاداش!...

— ھە، ئاخىرقى كېپەك جايىدا، — دېدى رەخىم
ئوسمانوۋ كۈلۈپ قويۇپ، — بىز كىچىككىنىمىزدە قىز-
لولە سوقۇشتۇرۇپ ئوينايتتۇق، چۆمۈلىلەرنىڭ
بوغۇشقانلىرىنى تاماشا قىلاتتۇق. ھېلىقى سې-
رىق چۆمۈلە ئۇۋىسى ئېسىڭدە باردۇ-ھە، چا پا-
قىنى تۆت پۇتىدىن باغلاپ، چۆمۈلە ئۇۋىسىغا
تاشلاپ قانداق قىينايتتۇق-ھە؟ بۇ ئىشلارغا ھە-
مىدىن سەن ئەپچىل ئىدىڭ. بايىنىڭ بېغىدىكى
قوملۇق ئېسىڭدىمۇ؟ بىز ئۇنى قۇم ئارشاڭ دەيت-
تۇق. لاي سۇ توشقان كۆلچەككە چۆمۈلۈپ، قۇم-
غا كۆمۈلۈپ ياتاتتۇق، تازا ئېرىزلىگەندە يۈگۈ-
رۈپ بېرىپ ئۆستەڭگە پاقام ئېتەتتۇق. سەن
ئۆستەڭنىڭ تېگىدىن سۈزۈك تاشلارنى تېپىپ
چىقاتتىڭ.

— ھا-ھا-ھا... ھەممىسى يادىڭدا بار ئىكەن-
ھە، — دېدى ساۋۇت بالىلىق دەۋرىگە خاس، ئە-
دى تەكرارلانمايدىغان، تولىمۇ يىراقتا قالغان
ۋە تېخىمۇ يىراقلىشىۋاتقان خاتىرىلەرنى ئېس-
كە سالغان ئادەمنىڭ «دۇنياۋى ئالىم»، «ئەشەد-
دى دۈشمەن» ئىكەنلىكىنى دەرھال ئۇنتۇپ، —
بىز تېخى تۆتىمىز بىر ئىشەككە مىنىۋېلىپ،
ئەڭ، ئەڭ قىلمىقسىز... غولامنىڭ يامانلىقى-
چۇ؟... ئۇ موزاي كۆندۈرۈشكە ئەڭ، — ئۇ ئىختى-
يارسىز ھالدا غولام ئەپەندىنىڭ ئىسمىنى تىلغا
ئالدى. ئۇ ئەمدى ئاشۇ غولامنىڭ مۇشتۇمى بىلەن
قانىغان بۇرنىنىمۇ ئۇنتۇدى، — ئەڭ ئۇستا ئىدى.

— سىلەر تولا سوقۇشاتتىڭلار، سەن تولا تا-
ياق يەيتتىڭ-ھە؟

— ئۇ تارمۇش مۇشتقا يامان ئىدى! — ئۇ ئىخ-
تىيارسىز بۇرنىنى تۇتتى، بۇرنىدىن يەنە قان
ئاقتى، ئەمدى ئۇنىڭ بۇرنى كۆكىرىپ تېخىمۇ
يوغىناپ كېتىۋاتاتتى، — ئۇ ئەڭ، ئەڭ قاملاشمى-
غان، ئاناڭنى! — ئۇ نەدىندۇر پاختا تېپىپ سول
بۇرنىغا تىقىپ قويدى.

— تىللىما ئاداش، — دېدى رەخىم ئوسمانوۋ
ئاستا ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، — بۈگۈنكىسى
ئۇنىڭ بىرىنچى مۇشتۇمى ئەمەسقۇ، نېمانچە
تەگەيسەن؟

— بىرىنچىسىمۇ ئەمەس، يۈزىنچىسى ياكى
ئىككى يۈزىنچىسىمۇ بەلكى، ئەمما ھازىر بىز
بالا ئەمەستە.

— سەن بالىلىق قىلدىڭ ئەمەسمۇ؟

— بالىلىق، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— گۈلزارنى زورمۇ - زور ناھىيىگە ئاپىرىپ،
ئۆزۈڭ قاتنىشىدىغان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا
قاتناشتۇرۇپ قويدىڭ، مېنى زورمۇ - زور
كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولغىنىڭ، كۆڭلى يوق قىز-
دىن زورمۇ - زور مۇھەببەت تەلەپ قىلىشىڭ
بالىلىق بولماي نېمە؟

— پاھ، مانى قارا! — دېدى ساۋۇت نەچچە كۈن
ئەقىل ئىشلىتىپ، پۇختا تەدبىر قوللىنىپ ئې-
لىپ بارغان قۇۋلۇقلىرىنى ئوڭايلا بىلىۋالغان
ئادەمگە ھەيران بولۇپ، خىجىل بولۇپ، قايىل
بولۇپ قاراپ قويۇپ، — دېگەنلىرىڭ راست ئا-
داش، راستلا ئالىم ئىكەنسەنجۇمۇ، ھەي غولام،
مەيەگە كىرە ساراڭ ئاۋاق، ماۋۇ رەخىمنى ئېلىپ
بىزنىڭكىگە بارايلى!

— لېكىن مەن بۈگۈن كېتىمەن.

— ياق، مەن ساڭا ناماقۇل بولۇپ چاي بې-
رىمەن!

— ھاجىتى يوق. ئەگەر ناماقۇل بولماقچى بول-
ساڭ، مە، مۇنۇ خەتنى گۈلزارغا ئۆز قولۇڭ بى-
لەن بېرىپ قوي، ئۇ قىزدىن ئەپۇ سورا!

ئۇ نومۇر بىلەن ئېچىلىدىغان چامادانىنى ئېچىپ، قېلىن كونىۋېرتلىق خەتنى ساۋۇتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، كونىۋېرتنىڭ سىرتىغا ئۇيغۇرچە چىرايلىق ھەرپلەر بىلەن: «سۆيۈملۈك گۈلزار مۇئەللىمگە تېگىدۇ» دېگەن سۆز يېزىلغان ئىدى.

— سۆيۈملۈك! — دېدى ساۋۇت خەتنى دۇدۇقلاپ ئوقۇپ، — شۇنداق، ئۇ راستلا سۆيۈملۈك، لېكىن ئۇ ئەڭ، ئەڭ ھاكاۋۇر!

— ساڭا ھەممىلا ئادەم ئۆلگەن خوتۇنۇڭدەك قول بولۇپ بەرسە مە؟ دېدى ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن غولام ئەپەندى ساۋۇتنىڭ يوغان بۇرنىغا قاراپ كۈلۈپ، — ئۇنداقتا سېنىڭ نوخولاڭ ئۆسۈپ كېتىدۇ، پات - پاتلا نوخۇلاڭنى ئېلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، قېرىپ كېتىۋاتىمەن، نوخۇلا ئېلىشقىمۇ ياردىماي قالىدىغان ئوخشايمەن ئەمدى!

ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ ئىشخانىدىن چىقىشتى. لېكىن ساھىبخانلار نېمىلا قىلمىسۇن سەپەرگە ئاتلانغان مېھماننى تۇتۇپ قالالمىدى. ساۋۇت ماشىنىسى بىلەن رەخىم ئوسمانوۋنى شەھەرگىچە ئۇزىتىپ كىردى. غولام ئەپەندىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە شەھەرگە كىردى. ئۇلار كەچكىچە بىللە بولۇشتى: مېھمانخانا، ئاشخانا، باغچىلاردا بىللە سۆھبەتلەشتى، مېھمان بولۇشتى، يەپ - ئىچىشتى. ئۇلار بالىلىق چاغلىرىدىكى ئىشلار، ھازىرقى ئىشلار ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا قانغىچە پاراڭلاشتى. ساۋۇت بۇ پاراڭلار ئارقىلىق رەخىم ئوسمانوۋنى چۈشەندى. چۈشەنگەنسېرى بۇ ئادەم ئۇنىڭغا يات، سىرلىق ۋە سۈرلۈك بىلىنىشكە باشلىدى. ساۋۇتنىڭ نەزىرىدىكى رەخىم بىلەن مۇنۇ ئالدىرىماي سۆزلەيدىغان، گەپلىرىنىڭ تولىسى چۈشىنىكسىز ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقانىدى: ساۋۇتنىڭ نەزىرىدىكى رەخىم مۇشۇ يېزا، ناھىيە كادىرلىرىدەك، ئەتراپىدىكى دېھقانلاردەك ئاۋۋال ئۆزىنى ئويلايدىغان، ئاندىن قالسا باشقىلارنى، دۆلەتنى ئويلايدىغان ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بىرى، ئۇ مەيلى بىلىملىك، ئىشچان بولسۇن، مەيلى قابىلىيەتلىك، پەم - پاراسەتلىك بولسۇن ئۇ ئادەم ئىكەن ھامان ئاۋۋال ئۆزىنى ئويلايدۇ، ئۆزىگە تېگىدىغان نەپ، شان - شەرەپ، مەنپەئەت ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ، ئاندىن قالسا ھۆكۈمەت، باشقىلارنى ئويلايدۇ، خاتالىشىپ جازاغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈنلا سىياسەت - بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىدۇ، باشقىلارغا زىيان سالمايدۇ، بولمىغۇر ئىشلار بىلەن ئۆزىنى بولغىمايدۇ؛ يۇقىرى مائاش، كۆڭۈللۈك ئائىلە تۇرمۇشى، تىللاردا ماختىلىش، غەم - ئەندىشىدىن خالىي بولۇش، راھەت - پاراغەتكە يېقىن بولۇش ھامان ئۇنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتى. چىرايلىق گەپلەر، يىغىنلاردىكى ۋەدىلەر، باشقىلارغا بۇيرۇق بېرىش، بەزىلەرنى كايىش، قاتتىق قول بولۇپ تەنقىدلەش، جازالاش، كېچىلىرى ئالدىراپ چېپىپ يۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى مەنپەئەتدار بولۇشنىڭ ۋاستىلىرى... ئادەم ھامان مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. رەخىم ئوسمانوۋمۇ ئەنە شۇنداق. ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇشىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېتىپ، باشقا ئىسمى تەس مەملىكەتلەردە يۈرۈشلىرىمۇ، بولۇپمۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ ماكانغا كېلىپ ئاز گەپ قىلىپ، كۆپ ئاڭلاپ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ يۈرۈشلىرىمۇ ئەنە شۇ مەنپەئەت ئۈچۈن. رەخىم مەيلى دۇنياغا تونۇلغان ئالىم بولسىمۇ ئۇ ھامان ئادەم ئىكەن، بۇ دۇنيانىڭ راھىتىدىن، پايدا - مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالىم بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دۇنيا كېزىپ يۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ يېزىنىڭ ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ئەخلاقلىق، ئەڭ بىلىملىك قىزىغا ئاشىق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ باشقىلارغا ئۆزىنىڭ ئاشىق ئىكەنلىكىنى ئاشكارا كۆز - كۆز قىلالايدۇ... لېكىن ساۋۇت يېڭىدىن چۈشىنىۋاتقان رەخىم ئوسمانوۋ غەلىتە ئادەم. ئۇ ئەللىك نەچچە ياشقا

كىرگىچە نېمىگە ئېرىشىپ، نېمىلەرنى يوقاتقانلىقىنى زادىلا تىلغا ئالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن گويا پايدا - زىيان دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. قانچىلىك پۇلۇڭ بار، جايىڭ قانداق، ماشىناڭ قايسى دۆلەتنىڭ، مۇكاپاتقا نەچچە ئالدىڭ، ئايالىڭ، باللىرىڭ نېمە ئىش قىلىدۇ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنىمۇ خالىمايدۇ. ساۋۇت شياڭجاڭ بېغىدىكى ئالمىسى، سۈتلۈك سېيىرى، باققان قويلىرىنىڭ قويرۇقلىرى، ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ ماختاشلارغا ئېرىشكەنلىكى، باللىرىنىڭ كەلتۈرگەن خۇشاللىقلىرى توغرىسىدا گەپ ئېچىلسا بۇ گەپلەرگە شۇنداق قىزىقىپ سۆزلەپ كېتىدۇكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا بۇنىڭدىن قىزىقارلىق گەپ يوق. لېكىن مۇنۇ سىرلىق رەخمىنىڭ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغىنىدا ئەسنىكى تۇتۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەرنىڭ ھەممىسىلا قىزىقارلىق. لېكىن مەنىمىز: سۇدان دېگەن يەردە قانچە ئادەم توپا - داڭگال يەپ ئاچارچىلىققا تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ، بېنگاللىقلار بوران، سۇ ئاپىتىدىن دائىم ۋەھىمە ئىچىدە ياشايدۇ، ئاسىيا، ئافرىقا كەمبەغەللۇ، خەلقى تېز كۆپەيمەكتە، خىروين چېكىش دۇنياۋى ئاپەت، فرانسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيىدەك ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئەيدىز كېسەللى بىلەن ئۆلگەنلەر نەچچە 10 مىڭ... بىز ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتتە باشقىلاردىن 100 نەچچە يىل كەينىدە قاپتىمىز، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئون خىل شەرتى... ۋاي-ۋۇي، بۇ گەپلەردىن باشقا گەپ بىلمەمدۇ ئۇ؟ غولامدەك ئەخمەقلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر بىر گېپىنى خۇددى ئاچ توخۇ دانغا ئۆزىنى ئاتقاندەك ئۆزىنى ئېتىپ خاتىرىلىمىسە ساۋۇتنىڭ ئاڭلاشقىمۇ، بىلىشكىمۇ رايى يوق. باشقا دۆلەت، باشقا مىللەت تۇرماق قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتسە ساۋۇت ئۈچۈن قىلچە كۆڭۈلسىزلىك يوق...

ساۋۇت شياڭجاڭ كەچ شەھەردىن يېزىسىغا قايتتى. ماشىنىدا غولام بىلەن ئىككىسىلا. غولام ئەپەندى نېمىشقىدۇر خاپا، مىسكىن ئىدى.

— نېمە بولدۇڭ ھەي غولام؟

— مېنى يىغا تۇتۇۋاتىدۇ.

— مەستمۇ سەن، يا چېكىۋالدىڭمۇ؟

— ساراڭ خاپامباش، ئەمدى رەخمىنى كۆرەلمەيمەن!

— سەن كۆرەلمىسەڭ باشقىلار كۆرەر، سەن نېمانچە قايغۇراتتىڭ؟

— گۈلزار بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويساق بولاتتى، ئۇلار خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر ئىدى. مۇرادىغا يەتسە بولاتتى.

— سېنىڭسىزمۇ مۇرادىغا يېتىۋالىدۇ. ئۇلار كۆرۈشەلمەيدۇ دەمسەن؟ كىم بىلىدۇ بۇ چاغقىچە تېپىشىپ بولدىمۇ تېخى.

— سەن گۇمانخور — كۆنچى ناكەس، نېمىلەرنى ئويلىمايسەن؟

— ئۇنىڭ يېزىدىن ئالدىراپ كېتىشىنى بىكار ئەمەس، ئۇلار چوقۇم شەھەردە ئۇچرىشىشقا كېلىشىپ قويۇشقان. بىزنى يولغا سېلىپلا بۇ ئالىمىڭ گۈلزارنىڭ ياتىقىغا كەلدى.

— كاپىشما ساۋۇت! — دېدى غولام ئەپەندى جەينىكى بىلەن ساۋۇتنى نوقۇپ، — ھېلىقى خەت قېنى، ئەكەلگىنە ئوقۇپ باقاي.

— سىڭلىڭغا يازغان مۇھەببەت خېتىنىمۇ ئوقۇماقچىمىدىڭ؟

— مۇھەببەت خېتىدىمۇ نۇرغۇن يېڭىلىق بىلىم بولۇشى مۇمكىن.

— ھا - ھا - ھا... ئاخشاملىققا ئىككىمىز ئوقۇيلى ئەمسە.

ئۇلار ساۋۇتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بىر پىيالىدىن چاي ئىچىشتى - دە، كىچىك جوزىنى قويۇپ، ئاغزى ئېتىلگەن كونۋېرتنى ئېچىپ رەخىم ئوسمانوۋنىڭ گۈلزارغا يازغان خېتىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«سۆيۈملۈك گۈلزار قىزىم!» دەپ ئوقۇشنى باشلىدى غولام ئەپەندى.

— ئاھ، گۈلزار، — دېدى ساۋۇت پىيالىگە

ھاراق قويۇۋېتىپ، ــ كاككۇك كەتتى، زېيىنەپ قالدى. كاككۇكنىڭ ھەمرىيى سۆڭگۈچ بولىدۇ ئەمدى.

ــ كاپشىما! ــ دېدى غولام ئەپەندى ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ.

ــ تىنچ ئاڭلا، بولمىسا ئىچىمدە ئوقۇۋالىمەن.

ــ ئوقى، ئوقى ھوي تەنتەك قوتۇر، ئوقۇسىنا!

ــ «سۆيۈملۈك گۈلزار قىز، بۇ خېتىمنى بىر ھېكايە بىلەن باشلايمەن».

ــ پاھ، خەت يازسىمۇ تېجىمەللىك قىلىدىكىنا، ئالايمىنىنا، ئوقى دەيمەن!

ــ «ئىتالىيىنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئاتاقلىق لىرىك شائىرى فېترورکا 23 ياش ۋاقتىدا (ھە راست، بۇ شائىرنى قىسقىلا تونۇشتۇرۇپ قوياي: فېترورکا 1304 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1374 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ دانتې، بوكاچچيولار بىلەن شۇ چاغدا ئۈچ يورۇق يۇلتۇز» دەپ ئاتالغان)، مانا شۇ شائىر 23 يېشىدا چېركاۋغا ئىبادەت قىلغىلى كىرىپ، لاۋرا ئىسىملىك بىر قىزنى كۆرۈپ قالىدۇ ـ دە، ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. شۇ قىزغا بېغىشلاپ 14 مىسرالىق شېئىردىن 300 نەچچە پارچىسىنى يېزىپ، ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. قىز 1347ـ يىلى كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ. شائىر قاتتىق ئازابلىنىدۇ ۋە ئۆز ئازابلىرىنى يەنە نۇرغۇن شېئىر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. فېترورکا مۇھەببەت لىرىكىسىدا كونا مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ رامكىسىنى بۇزۇپ، قايتا گۈللىنىش دەۋرىنىڭ يېڭى مۇھەببەت لىرىكىسىنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ «كۈي دىۋانى» ئەنە شۇنداق يارالغان. ئۇ تەبىئەت گۈزەللىكىنى مەدھىيىلەش يولى بىلەن لاۋرانىڭ تاشقى گۈزەللىكى، ساپ ـ سەممىيلىكى، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان خىسلەتلىرىنى سۈرەتلىگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى بۇندىن بەش، ئالتە يۈز يىل ئىلگىرى يېزىلغان بولسىمۇ، ھازىر ئوقۇسام ھەم قاتتىق ھاياجانلىنىمەن. مەن بۇ شېئىرلاردىن ئۇچۇۋاتقان قۇشلار، شىر ـ شىر سۇلار، پىراقلىق گۈللەر، ياپراقلارنىڭ پىچىرلاشلىرىنى ئوقۇۋېتىپ بىر پاك مۇھەببەت ـ ھېسسىياتقا لىق تولغان يۈرەكنىڭ ساداسىنى ئاڭلايمەن. مەن بولغان فېترورکا، مەن بولغان بايرون، شىللى، گيوتې، پۇشكىن، لېرمونتوۋ... بارلىق ۋىسال قۇربانلىرى، مۇھەببەت ئەرۋاھلىرى بولغان مەن!

سۆيۈملۈك گۈلزار، دۇنيا ئەدەبىيات قامۇسىدىن ئورۇن ئالغان نەچچە مىڭلىغان ئۆلمەس ئەدىبلەر مۇھەببەت تېمىسىنى ئۆز قەلىمىدە پىششىقلىغان بولسىمۇ، بۇ تېما تېخىچە ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈ تەشنالىقىنى قاندۇرالمىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىزدىن بىزگىچە قانچە جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق ئۆتتى، ئۇلارنىڭ قانچىلىكى مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتتى، قانچىلىكى ئارزۇ ـ ئارمان قۇربانى بولۇپ كەتتى؟ بۇنى ھېچكىم ھېسابلىغان ئەمەس، لېكىن بىرلا نەرسە ئېنىق: مۇھەببەتنىڭ قىممىتى جۇدالىقتا، جۇدالىق ئىككى پاك قەلبنىڭ ئارزۇ يالقۇنلىرىنى مەڭگۈ ساقلىيالايدۇ، جۇدالىق ئىنسان قەلبىنى ئۇلۇغ ئىستەكلەر بىلەن بېزەيدۇ. مانا بۇ مۇھەببەت ئىلمىنىڭ جەۋھىرى.

سىز مېنى تولىمۇ ئالىيجاناب، يېتىلگەن ئادەم دەپ ئويلىماڭ. مەن ھېنرىخ ھەينى، بىشىر، توماس مان، ھېنرى توماسلاردەك سەرگەردانلىقتىن ئىلھام تاپقۇچى ئۇلۇغلاردىن ئەمەسمەن. مەن بىر قېرىپ قالغان ئىلىم ھەۋەسكارى. مەن بىر قېتىم بىر قىزغا ئاشىق بولغان، ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن، نۇرغۇن قېتىم، نۇرغۇن ئاياللار بىلەن كۆڭۈل ئاچقان ۋە بۇ خىل تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان ئادەممەن. مېنىڭ قەلبىمدىكى گۈزەل مۇھەببەت ھېسسى ئاللىقاچان كەچ كۈزنىڭ سېرىق كوكاتلىرىدەك سولتۇيۇپ قالغان. مەن مۇھەببەتنىڭ نەزەرىيىسىگە

كامىل، لېكىن بىرىگە ئاشىق بولۇش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچكەن ئادەم ئىدىم. مەن پەقەت قىزلارغا خاس بالىلىق ۋە ياشلىق خاتىرىلىرى بىلەن يۇرتۇمغا كەلگەن ئىدىم. مانا ئەمدى بۈگۈن باشقىلا بىر ئادەممەن. سىز بىلەن تونۇشۇش، كېچىلىك سەيلە، سىزدىكى پاك، سەممىمىي مۇھەببەت ھېسسىنىڭ قەلبىمنى ئىللىتىشى بۈگۈن مېنى باشقا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. مەن مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنى چىڭ قۇچاقلاپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىش قارارىغا كەلدىم. شۇنداق قىلمىغاندىلا مەن بۇ دۇنيادا ھەقىقىي ياشىغان بولىمەن.

چۈنكى مۇھەببەت ‹ئىنسان› نامىنىڭ ھەقىقىي تامغىسى، بۇنىڭسىز ياشىغانلار ھېلىقى ‹Id›لار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تېخى سەزمىگەنلەر. قەلبىدە مۇھەببەت سېزىمى ئويغانغانلارلا ھېلىقى ‹Superego› لار. چۈنكى ئۇنداق ئادەم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى سەزگۈچىلەر. ئۇ بىلىدۇكى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى يەنە بىرسىنىڭ (ياكى باشقىلارنىڭ) بەختى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇ باشقىلارنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى زۆرۈرلۈكىنى، ئۆزىنىڭ قىممىتىمۇ نەق مانا شۇ ئۆزىدىن سىرت ئادەملەرگە باغلانغانلىقىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىق چۈشەنگۈچىلەردۇر. پلاتون ئۆزىنىڭ ‹زىياپەت رىسالىسى› دە مۇھەببەتنىڭ ئىنسانىيەت ئىچىدىكى يۈكسەك ئورنىغا قانداق ئادىل باھا بەرگەن - ھە؟ بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ئاگاتفۇ ئىسىملىك يۇنانلىقنىڭ ئۆيىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ زىياپەتكە خۇددى مەنمۇ قاتناشقاندەك ھەر قېتىم مۇھەببەت توغرىسىدا ئويلىغىنىمدا مۇسابىقە ئۈچۈن نوتۇق ئېلان قىلغۇم كېلىدۇ. مانا ھازىرمۇ مەن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى ئاگاتفۇ زىياپىتىدە بولماقتىمەن. سوقرات، ئارىستوفېن، پەسىپاتىلار ئالدىنقى كۈنى تىراگېدىيە مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلانغانلار. مانا ئۇلار زىياپەتتە ‹مۇھەببەت دېگەن نېمە؟› دېگەن تېمىدا نۆۋەت بىلەن سۆزلىمەكتە. ئاۋۋال سوقرات مەشھۇر مۇھەببەت پىرى دىئوتىمانىڭ سۆزى بىلەن جاۋاب بەردى: ‹ئۇچرىمەس ماددىمۇ ئەمەس، ياكى تېز چىرىگۈچى ماددىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىغۇچى ... ئۇ بىر ئۇلۇغ روھ، ئۇ گويا باشقا روھلارغا ئوخشاش مۇقەددەسلىك بىلەن چاكىنىلىق ئارىسىدىكى بىرلەشتۈرگۈچى ... ئۇ ئىلاھ بىلەن ئادەمنى تۇتاشتۇرغۇچى كۆۋرۈك، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەببەت سىماسىدا بارلىق، ھەممە ئامىللار بار...›. ئاپىرىدىن، سوقرات ئاجايىپ ئادىل باھا بەرگەن. مۇھەببەت ئالمىجانابلىق بىلەن پەسكەشلىكنىمۇ باغلىيالايدۇ ... مۇھەببەت ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىي روھىنى يارىتالايدۇ. شۇڭا ئۇ خۇدا. ئۇ بىر خىل ئىچكى كۈچ بولۇپ، بىر ئادەمنى جىنسىي ئىستەك بىلەن يەنە بىر ئادەمگە بىرلەشتۈرەلەيدۇ، مانا بۇ ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋەن Id قا مايىل تەرىپى، مانا بۇ ئۇنىڭ چاكىنىلىقى. لېكىن ئۇ ئىنسانىنى بىلىم تەشنالىقى، ئادالەت ئىنتىزارلىقى بىلەن رىغبەتلەندۈرەلەيدۇ، ئىنسان ھەقىقەت بىلەن بىرلەشەلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز شائىر، كەشپىياتچى ۋە ئىدراكى سابىلىقنىڭ ياراتقۇچىسىغا ئايلىنالايمىز. مانا بۇ مۇھەببەتنىڭ ياراتقۇچى ‹خۇدا›لىقى. شۇنداق، مۇھەببەت كەشپىيات - ئىجادىيەت كۈچى، شۇڭا ئۇ ‹مەڭگۈلۈك ۋە ئۆلمەس› نەرسە. ئىنسان مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلمەسلىككە يېقىنلىشالايدۇ. دىئوتىمانىڭ دېيىشىچە، قۇشلار بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ بەدىنىدىمۇ مۇھەببەت تەشنالىقى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قوشۇلۇش تەشنالىقى ئۇلارنىڭ تەبىئىي ھالىتىنىمۇ ئۆزگەرتەلەيدۇ (بۇ يەردە سىزگە ھايۋانلارنىڭ بۇ چاغدىكى ۋەھشىلىكىنى ئەسلىتىپ

قويماقچىمەن)... بەدەن تەشنالىقى كۈچلۈكلەر نەسىل قالدۇرۇش ئىستىكى بىلەن ئاياللارنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆز مۇھەببىتىنىڭ خاسلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. روھى تەشنالىقى كۈچلۈكلەر بەدەن تەشنالىقى كۈچلۈكلەردىن كۆپ يۈكسەك. ئۇلار تەسەۋۋۇر، پىكىر ھامىلدارلىقى بىلەن ئۆز مۇھەببىتىنىڭ خاسلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھامىلدارلىقتىن ئەقىل - پاراسەت، پەزىلەت تۇغۇلىدۇ. مانا بۇلار ئىجادكارلار. مانا بۇلار مۇھەببەت كۈچى بىلەن ياراتقۇچىغا ئايلىنالىغانلار ... شېكسپىرنىڭ رومېئو - جولىئتالىرى تراگېدىيىلىك مۇھەببىتى بىلەن مونتاگو ۋە كافۇلىس - بۇ بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىككى ئائىلىنى بىرلەشتۈرۈپ پۈتۈن بىر ۋىرونا شەھىرىنىڭ پۇقرالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدۇ. مانا بۇ تراگېدىيە مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەندۈرەلىگەن. ياۋروپادا مۇھەببەت كامالىتىنى بەدەن بىلەن بەدەننىڭ قوشۇلۇشى، روھ بىلەن روھنىڭ قوشۇلۇشى دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ. مەن كېيىنكىسىنىڭ تەرەپدارى. ئىنسانىي خىسلەتنىڭ جەۋھىرى بولغان مۇھەببەت ئۆز نۇرىنى قەلبىمگە ئەۋەتسە، مۇھەببەت بىلەن ياشىسام، كۆز يۇمغاندىمۇ ئاخىرقى قېتىم سۆيگەن ئادىمىمنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ كۈلۈمسىرەپ جان ئۈزسەم دۇنيادىن ئارمانسىز كەتكەن بولاتتىم.

سۆيۈملۈك گۈلزار، بەلكى بىز مەڭگۈ كۆرۈشمەسمىز. ئەمما بىز ھەر كۈنى بىللە. بىز بەلكى باشقا بىرلىرى بىلەن بىللە يېتىشارمىز. ئەمما بىز ھەر كۈنى قۇچاقلىشىمىز. مۇھەببەت ھەرگىزمۇ ئىككى تەننىڭ جىپىلىشىشى ياكى جىنسىي كولمىناتسىيىنىڭ ئۆزى ئەمەس. مەن ئامېرىكا پەيلاسوپى چارلىز. پىرىكېغا ئوخشاش مۇھەببەتتىن مەنپەئەت ئالالايمەن. ئۇ تەنھا ھالدا كانىنېدىك شىتاتىدىكى مىرقۇتنىڭ ئۇ-

يىدە ماتېماتىكىلىق لوگىكىنى تەتقىق قىلىۋېتىپ مۇھەببەت مەستخۇشلىقى ئىچىدە تۇرۇۋەرگەن. ئۇ مۇنداق يازغان: «مۇتەپەككۇرلار چىن مۇھەببەت ئىلھامى بىلەن روھلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ...» بۈيۈك گېرمانىيە شائىرى گيوتى بىر شېئىرىدا: «ئاياللار بىزنى ئالغا يېتەكلىمەكتە» دەپ يازغان. بۇ دېگىنى بىز ئەرلەر ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ مۇھەببەتكە ئىگە بولغاچقىلا ئىلگىرىلىيەلەيمىز دېگەن سۆز. لېكىن بۇ مۇھەببەت جىنسىي ئىستەك، جىنسىي قانائەت ۋە ئۇنىڭ ھالاۋىتى دېگەنلىك ئەمەس. مۇھەببەتنىڭ مەقسىتى ئىككى تەننىڭ قوشۇلۇشى دەپ قارىغۇچىلار Id چەمبىرىكىدىن چىقالمىغانلار. قەدىمكى گىرىكنىڭ داڭلىق ھەربىي سەردارى، سىياسىي داھىسى ئانتونى دائىم ئۆزىنىڭ جىنسىي تەلىپىنى ھەربىي لاگىرىنىڭ پاھىشە ئاياللىرى بىلەن قاندۇراتتى، لېكىن ئۇ مىسىرنىڭ ئايال پادىشاھى كلېئوپېترانى كۆرگەندىلا ئاندىن مۇھەببەت ھېسسى ئويغىنىپ - يېنىپ، يېڭى بىر دۇنيا ئىچىگە كىرىپ، مىڭ ئۆلۈپ - تىرىلگەن ئىكەن!...

شۇنداق، جىنسىي ئىستەكنىڭ ئۇمۇملۇقى ئىچىدىن كۆككە قاراپ بوي سوزغان مۇھەببەت ئىستىكى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن ئىنسانلارنى ھايۋانلاردىن ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىستەك پاكىز قەلب، پاكىز قاننى ئۆزىگە تۇپراق قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئانا سۈتىدەك ئاق-ھالال. بۇ ئىستەكنى سوغۇق ۋە قوپال مۇئامىلە بىلەن، مەسخىرىلىك نەزەر بىلەن قارشى ئالغۇچىلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قىممىتىنى تېخى تونۇپ يەتمىگۈچىلەر!...»

— توختا! — دەپ ۋارقىرىدى باياتىن قىشۇمىسىنى تۇرۇپ، ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان ساۋۇتشىياڭجاڭ خۇددى بىر يېڭى ئەسسانجىۋالغاندەك مۆڭگۈپ، — باياتىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن

ئىددىم، ئەمدى چۈشەندىم!

— نېمىنى چۈشەندىڭ؟

— ئۇ مېنى قامچىلاش ئۈچۈن كەپ ساتقان ئىكەن — دە!

— خاتا كەپ قىلما ساۋۇت. ئۇ سېنى، مېنى قامچىلايدىغان چاكىنىلاردىن ئەمەس. بۇ بىر چوڭ ئالىم

— راست ئالىمكەن، قىزلارغا يازغان خېتى بۇنچىلىك، كىتابلىرى قانچىلىكتۇر — ھە؟ پالانى كۈنى، پوكۇنى يەردە توي قىلايلى، دادىڭىزغا ئەلچى كىرگۈزىمەن دېگەن سۆزلەر چىقامدىكەن دېسەم ھېچ چىقار ئەمەس. مەڭگۈ كۆرۈشمەيدىكەنۇ، كۈندە سۆيۈدىكەن، ھا — ھا — ھا... ئەك، ئەك...

— ھە، نېمە ئەك؟

— ئاخماق، سارىڭ دەي دېسەم ئالىمكەن، دېمەي دېسەم تازا، ئەك...

— چۈشەندىم دېگىنە؟

— سەنچۇ تارمۇش، چۈشەندىڭما؟

— سەكسەن، توقسەن پىرسەنت.

— سەنمۇ يېتىلىپسەن جۇمۇ غولام. شياڭجاڭ بولغىچە ئەپەندى بولغان بولسامچۇ، مەنمۇ چۈشىنەر ئىددىم — ھە؟

— گەپ سېنىڭ شياڭجاڭ بولالىغانلىقىڭدىمىدى، ئاخماقلىقىڭدا.

— ئاخماق؟ قانداقسىگە ئاداش؟

— قانداقسىگە بولاتتى، كىتابتىن ھاراقنى ياخشى كۆردىسەن، بېشىڭدىكى شەپكەڭنى يېڭىلاپ تۇردىسەن، ئۇنىڭ ئاستىدىكى باشنى يېڭىلىمايسەن. قۇلۇپى ئىچىلماي دات بېسىپ كەتكەن ساندۇقنىڭ ئۆزى — خەسىس مومايىنىڭ ساندۇقىنىڭ ئۆزى سېنىڭ كاللاڭ.

ساۋۇت شياڭجاڭ جىم بولۇپ قالدى، ئۇ ھاراقتا قول سوزۇپ قولىنى تارتىۋالدى:

— گۈلزار قىز بۇ گەپلەرنى قانچىلىك چۈشىنەركى؟

— يۈز پىرسەنت.

— ياقە!

— ئانداق بولسا يۈز يىگىرمە پىرسەنت!

— سارىڭ تارمۇش، قېيىن سىڭىلىڭ شۇنچىلىك قالتىسما؟

— قالتىس بولمىسا بىر دۇنياۋى ئالىم ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالاتتىمۇ؟

— راست — ھە، مەنمۇزە ئەك، ئەك!...

— ھە، نېمە ئەك؟

— قالتىستە: يۇلتۇزنى ئۈزۈپ بەرگەن، ئۇيىنايمەن دەپ يىغلايدىغان قەغىش بالىنىڭ ئۆزىكەنمەن — دە!

— ھا — ھا — ھا... ئۆزۈڭنى چۈشىنىپسەن — دە. قالتىس ئىلگىرىلەش بۇ، ئەمدى «ئىد»تىن «ئىگو»غا ئۆتتۈڭ ئاداش. «سوپېرىگو»غا ئۆتەيلى جۇمۇ؟

— نېمە دېدىڭ سارىڭ ھوي، ئىتتىن سۆپۈر گىگە دېگىنىڭ نېمىسى تارمۇش؟ سەنمۇ تازا ئەك، ئەك . . .

— چۈشەنمىدىڭمۇ؟ ئۆزەڭنى چۈشەنگەنلا بولساڭ بولارنىمۇ ئاستا — ئاستا چۈشىنىۋالىسەن خاپامباش!

## 8

گۈلزار ئەتىسى — بىر كۈن كېچىكىپ قايتىپ كەلدى. ناۋادا ئۇ بىر كۈن بۇرۇن كەلگەن بولسا «رەخىم ئاكىسى» بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشەلىگەن بولاتتى. ئۇنداقتا ئۇ بۇگۈنكىدەك ئوغرىلىقچە يىغلىمىغان، بەلكى ئاشكارا ناخشا ئېيتقان بولاتتى. ئۇ چاغدا ئۇ يەنە ھازىرقىدەك ئادەملەردىن بىزار بولمىغان، بەلكى كۆرگەنلا ئادەمگە كۈلۈپ قارىغان بولاتتى. ئۇ چاغدا يەنە ئۆزىنى بۇنچىلىك تەنھا، بىچارە دەپ قارىمىغان، بەلكى دۇنيادىكى بەختلىك ئادەملەرنىڭ بىرى ھېسابلىغان بولاتتى!

ئېھ سەككىز كۈن، ئۇنى ھەممىدىن — خۇشاللىق، ئىنتىزارلىق، ھەتتا بەختتىن مەھرۇم قىلغان سەككىز كۈن! مۇشۇ سەككىز

كۈن بولمىغان بولسا ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى ۋە ئاخىرقى قېتىم سۆيگەن ئادەمنى بۇنچىلىك تەشنا - تەقەززا قىلمىغان بولاتتى. بەلكى ئۇلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھاياتى مەڭگۈلۈك جۇدالىق، «روھى قوشۇلۇش» بىلەن خۇلاسىلەنمىگەن بولاتتى، بەلكى ئۇلار يەنە نۇرغۇن سۆزلەشكەن، قۇچاقلاشقان سۆيۈشكەن، تەبىئەت ۋە فىزىئولوگىيە - پىسخولوگىيە ئىلىملىرى ئۇلارغا تەقدىم قىلغۇسى كىشىلىك پاراغىتىدىن بەھرىمەن بولۇشقان بولاتتى. ئۇ چاغدا رەخىم ئوسمانوۋنىڭ گۈلزارغا قالدۇرۇپ كەتكىنى قېلىن كونۋېرتقا سېلىنغان سالمىقى ئېغىر سۆزلەر بولماستىن بەلكى خۇشاللىق، ئۈمىد بولغان بولار ئىدى . . .

شۇنداق، سەككىز كۈن ئەمەس، بەزىدە سەككىز مىنۇت، سېكونت، دەقىقىمۇ بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت - قۇدرەت دېمەكلىك. بۇ قۇدرەت تەڭداشسىز ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرەلەيدۇ. مىسالى بىر شارىنىڭ بىرلا سىلكىنىشى مۆلچەرلىگۈسىز بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلالىغىنىدەك.

ئۇ ئەمدى كىمدىن سورايدۇ، كىمگە ھال ئېيتىدۇ؟ ھەممىلا ئادەم ھازىر ئۇنىڭغا يات. ئۇ گويا بۇ يېزىغا ناتونۇش بىر جايدىن ھازىرلا كېلىپ قالغان. گويا سەككىز كۈن ئىچىدە بۇ يېزا باشقا بىر دۇنياغا ئۆزگىرىپ قالغان. بۇ يېزىدا ئۇ تونۇيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، بىرمۇ ئادەم ئۇنى تونۇمايدۇ. بۇ يەرگە گويا دۇنيا مەسخىرىۋازلىرى توپلانغان، ھەممىلا كۆزدە مەسخىرە، تاپا - تەنىدىن باشقا نەرسە يوق. لېكىن گۈلزار بۇ مەسخىرە، تاپا - تەنىلەر ئالدىدا ئىلاجسىز. ئۇنىڭ سولغۇن چىرايى، ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى، «مانا مەن» دەپ روشەنلەشكەن كۆز قويرۇق ۋە جاۋغاي قورۇقلىرى، ئۇنىڭ ماغدۇرسىز قەدەملىرى بىلەن چۇۋۇلغان چاچلىرى ۋە بولۇشىغىلا كىپىلگەن كېيىملىرى، يېڭى چىققان ۋېلسىپىت چاقى بىلەن ئاغزى ئېتىلمىگەن سومكىسى.. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئېكرانى. خەق بۇ ئېكراندىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئازاب - مۇھەببەت جۇدالىقى بىلەن پەيدا بولغان جاراھەتنى ئوڭايلا كۆرۈپ ئالالايدۇ . . .

گۈلزار ئۆمرىدە بۈگۈنكىدەك ئازابلانمىغان، بۈگۈنكىدەك چۈشكۈنلەشمىگەن، بۈگۈنكىدەك زەربە يېمىگەن ئىدى. ئۇ ھازىر ھېچكىمنى ئەيىبلىمەيتتى. چۈنكى ئۇ قاتمال «پىرىنسىپ»نىڭ قۇلى بولۇپ قالدى. ئۇ ھازىر شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز قەلبى بىلەن ھېسابلىشىشنى، ئۆزىنى - ئۆزى قايتا باھالاپ چىقىشنىلا خالايتتى . . .

ئۇ باغقا كىردى، بۇ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان قەدىمكى باغ. بۇ باغدا بۇ يۇرتنىڭ ئىككى - ئۈچ يۈز يىللىق تارىخىنىڭ شاھىدى بولغان قېرى قارىياغاچ، ۋە مېۋە - چېۋە، گۈل - گىياھلار بار. قىز مۇشۇ باغدا ئۆمىلەپ، تەمتىلەپ، يۈگۈرۈپ، كۈلۈپ، ياغاچلارغا يامىشىپ يۈرۈپ ھايات بىلەن تونۇشقان. ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بىلەن ئارزۇ - غايىلىرى مانا مۇشۇ باغنىڭ ھاۋاسىدىن پەيدا بولغان. بۇ باغدا خۇددى رەخىم ئوسمانوۋ خېتىدە ئېيتقان ھېلىقى ئىتالىيىلىك شائىر فېتروركا يازغان قۇشلار، شىر - شىر سۇلار، پۇراقلىق گۈللەر، پىچىرلايدىغان ياپراقلار بار . . . جۇدالىق - گۈزەللىكمۇ؟ نېمىشقا مۇھەببەتنىڭ قىممىتى جۇدالىقتا دېيىلىدىغاندۇر ھە؟ «جۇدالىق ئىككى پاكىز قەلبنىڭ ئارزۇ يالقۇنلىرىنى مەڭگۈ ساقلىيالايدۇ، جۇدالىق ئىنسان قەلبىنى ئۇلۇغ ئەستەكىلەر بىلەن بېزىيەلەيدۇ» دېگەن گەپلەرنى نېمىشقا گۈلزار قوبۇل قىلالمايدۇ ھە؟

مانا كاككۇك ئاۋازى، ئۇ كۈزدە سايرىمايتتىغۇ؟ خىيالىممۇ ياكى بىرسى مېنى ئالداۋاتامدۇ؟ يەنە شۇ ئاۋاز، ئۇ جۇدالىقنىڭ مەدھىيە ناخشىسىمۇ؟ توخۇلار تۇخۇم تۇغۇپ بولۇپ نېمىشقا

شۇنچە ئۇزاق قاقاقلىشىدۇ، بۇ چۇ؟ جۇدالىقنىڭ باشلىنىشىغا بولغان مەرسىيەمۇ؟ چۈنكى تۇغۇم ئەمدى مەڭگۈ تۇغۇنىڭ بولالمايدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇۋاتقان مەززىلىك پۇراق نېمىنىڭ ئەلچىسى؟ ۋىسالنىڭ نىشانىمۇ ياكى جۇدالىقنىڭ سىگنالىمۇ؟ مەنمۇ فېتەروركىدەك مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن شائىر بولۇپ قالسام — ھە؟ ئۈچ يۈز پارچە شېئىر يېزىپ، مېنىڭ قەلبىمدىن ئورۇن ئالغان چىراي بىلەن تىلىمدا تەكرارلىنىۋاتقان ئىسىمنى مەدھىيىلىسەم ...

باغلار ئارا شامال ئۆتۈپ سېنى ئەسلەتتى.

گۈللەر ئارا بۇلبۇل سايراپ سېنى كۆرسەتتى ...

بۇ ناخشىنى كىم ئېيتىۋاتىدۇ، بىرسىمۇ، ئۇنى ئالغۇمۇ ياكى مېنىڭ قەلبىممۇ؟ ...

قىز قولىدىكى كونۋېرتنى ئېچىپ، گۈلزارلىق ئارىسىدىكى تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ قايتىدىن ئوقۇشقا باشلىدى ...

گۈلزار تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققاندا خاتىرە دەپتەردىن «چالىقۇش» نى ئوقۇغاندىن كېيىن رومان ئوقۇشقا ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ «مېھرابىتىن چايان» بىلەن «ئۆتكەن كۈنلەر» نى كۆز يېشى بىلەن ئوقۇپ قىز تۇغقان ئانىلارغا «كۈمۈش»، «رەنا» دېگەن ئىسىملارنى ھەدىيە قىلغان. رومان ئوقۇپ ئۆزىنى غايە دۇنياسىنىڭ ئادىمى ھېسابلىۋالغان بۇ قىز ھايات دەپتىرىنىڭ بىر نەچچە بېتىنىمۇ رېئال ھايات بېزەكلىرىگە تولدۇرماي تۇرۇپلا «قېرى قىز» نامىغا ئىگە بولۇپ قالغان. بۇلاق سۈيىدەك پاكىز، سۆزۈك ياشلىق ھېسسىياتلىرىنى بىھۇدە ئېقىپ تۈگىگەن چېغى دەپ مەيۈسلىنىپ يۈرگىنىدە ئۇ ھېسسىيات بۇلىقىنىڭ كۆزى ئېتىلىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەن، ئەمما چۈشىنىش بىلەن ئۇنىڭ ئېچىلىشىنىڭ ئارىلىقى تولىمۇ يېقىن بولغاچقا نېمە ئۈچۈن ئېتىلگەن ۋە قانداق ئېچىلغانلىقىنى بىلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدى. مانا ئەمدى جۇدالىق باشلانغاندىلا ھەممىنى چۈشەندى: ئۇنىڭ ھېسسىيات بۇلىقىنى ئېتىپ قويغانمۇ ئەرلەر، ئۇنى ئاچقانمۇ ئەرلەر ئىكەن. ئېتىپ قويغانلار ساۋۇت شىياڭجاڭدەك ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلالمايدىغان نەرسە — يات بىرسىنىڭ مۈلكى بولۇشنى تەلەپ قىلغۇچىلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن گۈلزار باشقا بىر ئادەمگە — ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان، روھىنى باشقىلارغا تەقدىم قىلغان ئادەمگە ئايلىنىشى كېرەك. مانا بۇلار ئۇنىڭ ھېسسىيات بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئېتىۋەتكەنلەر. ئۇنىڭ بۇ ئېتىلگەن بۇلاق كۆزىنى كۈتۈلمىگەندە ئاشۇ دەسلەپتە كۈلكىلىك، يوچۇن بىلىنگەن، قارىماققا قېرى، غەلىتە كۆرۈنگەن ئادەم ئاچقان. ئۇنىڭ ھېسسىياتى پونتانىدەك ئېتىلىپ چىقىپ ئاشۇ رەخىم ئوسمانوۋقا قاراپ چېچەك سۈيىدەك ئاققان ...

«ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى قىز خەتتىكى ‹بىز بەلكى باشقا بىرلىرى بىلەن يېتىشارمىز› دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇغاندا ئۈنلۈك ۋارقىراپ، — ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايمەن، سىزمۇ ئۇنداق قىلماڭ، مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنى چاڭ قۇچاقلاپ بىز دۇنيا بىلەن خوشلىشىش قارارىغا كەلدىم، دېگىنىڭىزمۇ بىھۇدە. مەن بىر كۈن بولسىمۇ سىز بىلەن بىر ئۆيىنىڭ ئادىمى بولۇپ ياشاشقا بەل باغلىدىم. بىز شەرقلىقلەر ئۆز ساداقىتىمىز بىلەن پاكلىقىمىزنى ئىسپاتلاشقا ئادەتلەنگەن. مەن سىزنى كۈتىمەن، ئاخىرقى تىنىقىمغىچە كۈتىمەن!...» قىز گۈللۈك ئارىسىدا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ يۈرگەن مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئانىسى ھالسىزلىنىپ ئۆيدە ياتاتتى. ئۇنىڭ قىزىنى چاقىرىشقىمۇ ھالى يەتمەيتتى.

ماناپ «شوپاڭ» يەنە مەست، ئۇ بۈگۈن بۆلەكچە مەست. ئۇ ھازىر ئارانلا ماڭىدۇ، لېكىن ئادەم تىللىمايدۇ، كىمنىلا كۆرسە سالام قىلىدۇ، ئاياللارغىمۇ، بالىلارغىمۇ سالام قىلىدۇ — دە،

كۆزىگە كىيىۋالغان مالخىيىنى تېخىمۇ چۆكۈرۈپ قويىدۇ. يېزىلىقلار ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ: «شوپاڭ يېتىلگەن ئىكەن - دە!» دەپ قويىدۇ، ياكى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ «توۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتىدۇ. ماناپ شوپاڭ ھېچكىمگە قاراپمۇ قويمايدۇ، باشقىلارغا دىققەتمۇ قىلمايدۇ. ئۇ خۇددى بىر ياقا يۇرتتىن بۇ يەرگە كېلىپ قالغاندەك، ياكى ھاياتىدا بىر چوڭ ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندەك، ئۇنداق بولمىسا ئۇ گويا ھېچكىم قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىغاندەك...

— قانداق ھوي ماناپكا؟ — بىرى ئۇنىڭ تۈگمىلىرى ئېتىلمىگەن كاستيۇمىنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ سىلكىگەندىلا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى:

— سەن كىم؟ — دېدى ئۇ كۈندە بىللە يۈرىدىغان ئۈلپىتى ساۋۇتنىڭ يوغان بۇرنىغا قاراپ تۇرۇپ، — بۇرنۇڭ ماشىنىنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدۇ، ئۆزۈڭ ياۋا قاۋان، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ھا - ھا - ھا... قېرى، ۋودكى ئىچكەن ئوخشىمامسەن، تولىمۇ خۇش كەيپقۇسەن؟

— سەن ئورۇسچە گەپنى مەنچىلىك بىلمەيسەن ئاداش، ئىدرەستى سابىاك!

— ھا - ھا - ھا ... يېتىلىپسەن جۇمۇ!

— ئوقىمىغان بولساڭ تەرجىمە قىلىپ بېرەي: سالام ئىت!

— ھوي ماناپكا، شياڭجېڭگىنى تىللىغىنىڭ نېمىسى؟

— سەن تولا ھاۋشىپ مېنىڭ قىزىمنى كۈلمەيدىغان قىلىپ قويدۇڭ. بىلەمسەن، قىزىم كۈلمەس بولۇپ قالغاندىن بېرى مەن ئادەم تىللىمايدىغان بولۇپ قالدىم.

— مېنى ئىت دەپ تىللىدىڭمۇ ئەمەسە؟

— مېنى شوپاڭ دەيسىلەرغۇ؟ ئۇمۇ تىلمۇ ئەمەسە؟

— ھا - ھا - ھا ... جۈرگىنە ئۆيۈڭگە، بىر ئىچەيلى!

ئۇلار ماناپ شوپاڭنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە ئۆيدىن يىغا ئاۋازى چىقتى. ماناپ شوپاڭ قىزىنىڭ نالە - زارىنى ئاڭلاپ تامامەن سەگىدى.

گۈلزار ئانىسىدىن، ماناپ بوۋاي قەدىناس ھەمرىيىدىن، غولام* ئەپەندى كۆڭلى يۇمشاق، ئۆمۈر بويى ھاراقكەشلەرگە خىزمەت قىلىپ چارچىمىغان ئىشچان قېيىن ئانىسىدىن ئەنە شۇنداق داغدۇغا - شەپىسىز، ئاسانلا ئايرىلىپ قالدى.

مومايىنىڭ يەتتىسىدىن كېيىن بېلىگە كىر ئاق پوتا باغلىغان ماناپ بوۋاي ساقال - بۇرۇتى، قويۇق قاشلىرى ئاقارغان، ئوبدانلا مۈكچىيىپ، ھاسىغا تايانغان ھالدا مەھەللىنىڭ يېڭى مەسچىتىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەلدى.

گۈلزار بېشىغا ئاق داكا ياغلىق سالغان، ئاق يىپەك كۆڭلەك، ئاق كاستيۇم، ئاق تۇپلى كەيگەن ھالدا غازاڭ بولۇۋاتقان باغلارغا ئۇزاق قاراپ تۇردى - دە، ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ ئاشخانا دېرىزىسىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، قېلىن خاتىرىسىنى ئېلىپ شېئىر يازماقچى بولدى. ئاۋۋال ئۇ، رەھىم ئوسمانوۋنىڭ خېتىنى چىڭ مىجىپ تۇتتى، كېيىن ئاستا خەت تۇتقان قولىنى كۆكرىكىگە باستى: ماۋزۇسى نېمە بولىدۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن پىچىرلىدى، — توغرا، شۇنداق بولسۇن، — ئۇ تىتىرەپ تۇرغان قولى بىلەن شېئىرىغا ماۋزۇ قويدى:

قېنى، ئۇ باغلار......

1991 - يىل 12 - ئاي



# زامانغا يېقىنلىشىش توغرىسىدا

## — ياپونىيە مەدەنىيەت (1) ئۆلگىسىنىڭ ئىلھامى بىلەن



ئەنۋەر توختى

بىز ھازىر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەۋلادلىرىمىزغا يېڭى يول ئاچىدىغان، قىممەتلىك مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىدىغان تارىخىي دەۋردە تۇرماقتىمىز. ئىقتىسادىي ئىسلاھات قانات قېقىپ راۋاجلىنىپ، كونىلىق بىلەن يېڭىلىق ئوتتۇرىسىدىكى چىرماش زىددىيەتلەرنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ، ھەر بىر ئادەمنى پىكىر يۈرگۈزۈشكە، يول تاللاشقا، سەئىي - ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر قىلماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيەت جەھەتتە يېڭىلىققا كۆچۈش بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى مىللىي پسىخولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى زاماننىڭ



تەقەززاسىغا يارىشا بىردىكتىرۇۋىش — بۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ، ئىسلاھاتنىڭ قەددىمىنى تېزلەشتۈرۈشتە، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش - بولماسلىقىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئاچقۇچلارنىڭ بىرىدۇر.

«پىكىر يۈرگۈزۈش» ۋە «ھەرىكەت قىلىش» ھازىرقى كۈندە ئومۇمىي، دۇنياۋى خاھىش بولۇپ قالغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. دۇنيادا ھەربىر مىللەت، ھەربىر دۆلەت پارلاق ئىستىقبالغا يېتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزلىمەكتە؛ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىمۇ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىمۇ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىمۇ، تەرەققىياتقا يۈزلىنىۋاتقان دۆلەتلەردىمۇ، شەرقتىمۇ، غەربتىمۇ، مەيلى قايسى تەرەپتە بولسۇن، ھەممە ئادەم دېگۈدەك ئۆزىنىڭ كەلگۈسى يولىنى تاللاش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزمەكتە، ھەرىكەت قىلماقتا. تارىختىن مەلۇمكى، ئەقىل - پاراسەت بىلەن پىكىر يۈرگۈزمەي ھەرىكەت قىلغاندا، خۇددى دونكىخوتنىڭ شامال تۈگمىنى ئالدىدا ئەخمەقچىلىق قىلغىنىدەك كۈلكىلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش مۇمكىن؛ ھەرىكەتسىز قۇرۇق پىكىر يۈرگۈزگەندىمۇ خۇددى ھاملىتنىڭ مەلئۇن قولىدا نابۇت بولغىنىدەك پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش مۇمكىن. تارىخ شۇنىمۇ ئىسپاتلاپ تۇرماقتىكى، يولنى كەسكىن ۋە توغرا تاللىمىغاندا، تاللىغىنى بويىچە دادىل ھەرىكەت قىلمىغاندا، يۈكسىلىش ئارزۇسى ھەرقانچە كۈچلۈك، قىزغىنلىقى ھەرقانچە ئۇتالۇق بولسىمۇ، پىكىردىن ھەرىكەتكە ئۆتۈش غەيرىتى بولمىسا، كەلگەن ياكى كېلىۋاتقان ئامەتنى، ياخشى پۇرسەتنى قولدىن كەتتۈرۈپ قويۇش مۇمكىن.

جىددىي ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان رېئاللىقتى بىزگە شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرمەكتىكى: غوزەك ئىچىگە بېكىنىۋالغان پىلىگە ئوخشاش ياشايدىغان دەۋر ئاللىقاچان تۈگەپ، ھەممە تەرەپلەپ يولنى كەڭ ئېچىپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرىدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى. دەرۋازىنى كەڭ ئېچىۋېتىش يولى بىلەن قۇدرەت تېپىش، ئىسلاھات يولى بىلەن گۈللەپ-ياشناش دەۋرنىڭ خاھىشى، تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكى بولۇپ قالدى. ھازىرقى چاغدا ئىسلاھات تىغىنىڭ ئۇچى ھەممىدىن ئاۋۋال، قېتىپ قالغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كىشەن بولۇپ قالغان ئىقتىسادىي تۈزۈمگە قارىتىلماقتا. ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسى بولغاچقا، ئىقتىسادىي تۈزۈم ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىشى جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ساھەسىنى، ھەر بىر قاتلىمىنى، ھەر بىر ئەزاسىنى سىرقىرىتىدۇ ۋە سىرقىراتماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىللە كادىرلىق تۈزۈمىنى، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى، مائارىپ تۈزۈمىنى، تەپەككۇر ئۇسۇلىنى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ۋە باردى - كەلدى ئالاقە ئۇسۇللىرىنىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگەرتىشكە تەقەززا قىلىدۇ ۋە تەقەززا قىلماقتا. بىزنىڭ شىنجاڭدا «مالىمانچىلىق» تىن ئەندىشە قىلىپ، «مۇقىم» ھالەتنى ساقلاپ تۇرۇش پسىخولوگىيەسى، تاشقىرىدىن كىرگەن مەدەنىيەتتىن ھۈركۈش، ئەندىشە قىلىش پسىخولوگىيەسى، بولۇپمۇ چەتتىن كىرگەن مەدەنىيەت بىزنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىزمىمىزنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ قويۇشى مۇمكىن دەيدىغان «پەۋقۇلئاددە مەدەنىيەت» پسىخولوگىيەسى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەچكە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئەتراپ بىلەن سودا مۇناسىۋەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ئېغىر دەرىجىدە دەخلى يەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەرەققىياتتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان رايونلاردىن خېلىلا ئارقىدا قالدۇق. ئەلۋەتتە، مۇقىملىق دېمەك خاتىرجەملىك دېمەكتۇر، ئىجادچانلىق دېمەك تەۋەككۈل قىلماق دېمەكتۇر. لېكىن تەۋەككۈل قىلغاندىلا خاتىرجەملىكنى

يېڭى - يېڭى پەللىگە يەتكۈزۈش مۇمكىن. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتساق، مۇقىم ھالەتنى ساقلاش دېمەك جىم تۇرۇش دېمەكتۇر، ئىجادچانلىق، يېڭى دەرد - ئەلەملەرگە زامىن بولۇشى مۇمكىن؛ يېڭى دەرد - ئەلەم ئەندىشىسىگە بېرىلىپ، ئىجادچانلىقىمىزنى غەپلەتكە چۆكتۈرۈپ قويساق، يەنە كونا ئىزغا - تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن. رېئاللىق دېگەن نەرسىدە رەھىم-شەپقەت بولمايدۇ، رېئاللىق بىزنىڭ ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇشىمىزغا، قاراپ باقمايلىمۇ دەپ كۈتۈپ تۇرۇشىمىزغا ھەتتا تەلەي سىنىشىمىزغا ئىمكان بەرمەيدۇ. دەۋر بىزگە: شىنجاڭ ئۆز يولىنى تاللىشى كېرەك! جامائەت ئۆز يولىنى تاللىشى كېرەك! ھەر بىر ئادەم ئۆز يولىنى تاللىشى كېرەك! دەپ تەلەپ قويماقتا. يول تاللاش مۇشكۈل بىر جەريان بولۇپ، خەلقىمىز ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئىخلاس قىلىپ كەلگەن، بىزنى پەخىرلەندۈرۈپ كەلگەن، يۈرەك-باغرىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئېلىپ - يىلتىز سۈرۈپ كەلگەن، ئەمما زامان تەلىپى بويىچە قارىغاندا، قاشاق بولۇپ قالغان بەزى مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن خەيرلىشىشتىن، ئۆزىمىزگە يات، غەلىتە تۇرغان ھەتتا بىر چاغلاردا بىزار بولغان مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىشتىن، ئۆزلەشتۈرۈشتىن دېرەك بېرىدۇ. شىنجاڭنى باشقىلارغا يېتىشتۈرۈش، شىنجاڭدا ئىسلاھاتنى ۋە ئېچىۋېتىشنى ئوڭۇشلۇق ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، مەدەنىيەت جەھەتتىكى پسىخولوگىيىلىك ماسلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر، بۇ ئالدى بىلەن نەزەردە تۇتۇشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلىدە بەزى پايدىلىق ئىلھاملارنى ئېلىش ئۈچۈن، ياپونىيىنىڭ مەدەنىيەت ئۆلگىسىنى تەتقىق قىلىپ كۆرسەك بىھۇدە ئىش بولماس.

ياپونىيە ھازىر ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىنى ئىزچىل يۇقىرى سۈرئەتتە، مۇزمۇت تەرەققىي قىلدۇرغان ھالدا دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرماقتا. ياپونىيىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى دۇنيا خەلقىنىڭ دىققەت نەزىرىنى تارتماقتا. ياپونىيىدە پولات - تۆمۈر مەدەنلىرى، مىس، قەلەي، كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز دېگەندەك ئاساسىي خام ئەشيا ۋە قۇۋۋەت مەنبەلىرى كەمچىل، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاپتوماشىنا، پاراخوت، يۈرۈش - تۇرۇش ماشىنا-ئۈسكۈنە، سائەت، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، كىر ئالغۇ، خىمىيە مەھسۇلاتلىرى ۋە ھاكازالارنى چەت ئەلگە پاتمانلاپ چىقارماقتا؛ ئەمگەك كۈچلىرى يېتەرسىز، شۇنداق بولسىمۇ ئىشلەۋاتقان ماشىنا ئادەملىرىنىڭ كۆپلۈكى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرماقتا؛ ئامېرىكىنىڭكىدەك ھاۋا-ئالەم قاتنىشى سانائىتى يوق، لېكىن سانائەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى نەپىس-پۇختا ئاپتوماشىنا-لىرى بىلەن بېسىپ چۈشمەكتە؛ ئۈنۈملۈك پايدىلانغىدەك ھاۋا بوشلۇقى يوق، تۈزۈككىنە كۆكۆل-مەيدان تۈزلەڭلىكمۇ يوق، ھەممىلا يېرى دېگۈدەك ئۇزۇن سوزۇلغان تاغلار، دۆڭلەر بىلەن، يانار تاغلار بىلەن قاپلانغان، لېكىن مېترو (يەر ئاستى تۆمۈر يوللىرى)، يېڭى - يېڭى پويىز يوللىرى، دېڭىز تونېللىرى، يەر ئاستى شەھەرلىرى، دېڭىز ئۈستى زاۋۇت - فابرىكىلىرى چەكلىك بوشلۇقلىرىنى نەچچە ھەسسە كېڭەيتمەكتە؛ ياپونىيە ھەقىقەتەن تۆت ئەتراپى سۇ بىلەن ئورالغان «يېتىم ئارال»، لېكىن خەۋەرلىشىش - ئالاقىلىشىش ۋاسىتىلىرى - تورلىرى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە يېيىلماقتا: ياپونىيىلىك بىر سودىگەر مەغرۇر ھالدا: «پۈتۈن دۇنيادا، مەشرىقتىن مەغرىبكىچە، قەيەردە ئادەم بار ئىكەن،

قەيەردە سودا - تىجارەت بولىدىكەن، شۇ يەردە بىزنىڭ ياپونلىرىمىزنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. كەلگۈسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەن - تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ ئادەمزات يەر شارىدىن باشقا پلانېتلارغا چىقىپ ماكانلىشىدىغان چاغدا، شۇ پلانېتلاردىكى تۇنجى شىركەت، ماگىزىنلارنى چوقۇم ياپونلار ئاچىدۇ» دېگەن ئىكەن. ھەر قانداق ئادەم مۆجىزە ياراتسا ئۆز-ئۆزىدىن پەخىرلىنىشى، باشقىلارنىڭمۇ ئۇنى مەنزۇر كۆرۈشى ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش ئەمەس، پۈتۈن بىر جەمئىيەت، دۆلەت، مىللەت ھەم شۇنداق.

بۇ يەردە ياپونىيىنىڭ مۆجىزىلىرىنى مۇبالىغە قىلماقچى ئەمەسمىز، سۇندۇرماقچىمۇ ئەمەسمىز، مۆجىزە ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، ھەممىگە ئايان. ياپونلارنىڭ مۆجىزە يارىتىش روھىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئاتايىتەن تەتقىق قىلىپ بېقىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىزنىڭچە، ياپونلارنىڭ مۆجىزىلىرى ئىقتىساد، سىياسەت، دىپلوماتىيە ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتلەردىن كۆزىتىلىپ، بۇ ھەقتە بىر مۇنچە ئەھمىيەتلىك چۈشەنچىلەر، قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ياپون خەلقىنىڭ مۆجىزە يارىتالىشىغا تۈرتكە بولغان مىللىي روھى ۋە مەدەنىيىتى يەنى پىسخولوگىيىسى نەزەر - ئېتىبارغا ئانچە كۆپ ئېلىنمىغان. شۇ سەۋەبتىن، ياپونلارنىڭ مۆجىزىلىرى تۈرلۈك تەسادىپىي ئامىللاردىن ھاسىل بولغان دېيىدىغان چۈشەنچىلەر ھەتتا تەلىيى شۇنداق ئوڭدىن كېلىپ قالغان دېيىدىغان چۈشەنچىلەر نەزەردىن خالىي ئەمەس. بىز شۇنى تەكىتلەپ ئېيتىمىزكى، تەلەي، ئامەت ھەممە ئادەمگە كېلىشى مۇمكىن، دۆلەت - مەملىكەتكە ھەم شۇنداق، لېكىن تەلەي، ئامەت پەيتىنى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، دادىل ھەرىكەت قىلالايدىغانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ياپونلار ئەنە شۇنداق تىپقا مەنسۇپ. مەيلى تارىختا بولسۇن ياكى رېئاللىقتا بولسۇن، ئۇلار مەدەنىيەتتە بىر قانچە قېتىم ئۆزلىرىنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دىشۋارچىلىققا دۇچ كەلدى، لېكىن شۇ دىشۋارچىلىقلارنى پۈتۈن جەمئىيەتنى ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئالغا راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ياخشى پەيتى دەپ بىلىپ، مىللىي ئاجىزلىقلىرىغا، يېتەرسىزلىكلىرىگە توغرا قاراپ، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ قاششاق تەركىبلىرىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەدەنىيەتتە يۈكسىلىش روھى بىلەن دەۋر خاراكتېرلىك ئىسلاھات يوللىرىنى تاللاپ، جەمئىيەتنى تېز سۈرئەت بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. يەنە، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئېيتىمىزكى، ياپونىيە قانداقلا بولمىسۇن يەنە شۇ ياپونىيە؛ ياپون مىللىتىنىڭ مەدەنىي تەرەققىيات ئۈلگىسى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي تەرەققىيات ئۈلگىسىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئەينەن ئىز بېسىپ دورىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەينەن ئىز بېسىپ دوراش نەتىجىسىدە «كۆلمەن دەپ مىجايغان» دەك، ئەسلى ئارتۇقچىلىقلىرىنىمۇ يوقىتىپ قويۇش مۇمكىن. بىز بۇ ماقالىمىزدە: جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چېغىمىزدا، ياپون مىللىتىنىڭ بىر قانچە قېتىم زور مەدەنىيەت دولقۇنلىرىغا، مەدەنىيەت رىقابەتلىرىگە دۇچ كەلگەندە ئۇلارغا قانداق توغرا تۇرغانلىقىدىن، قانداق يول تاللىغانلىقىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ دەۋر ئەھمىيەتلىك ئىسلاھاتىمىزنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئالغا سۈرسەك دېگەن ئارزۇنى نەزەر - ئېتىبارىمىزدا تۇتتۇق. شۇنداق، جۇڭخۇا ئېلىنىڭ تارىخ سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ قارايدىغان بولساق، بىر مۇنچە دىشۋارچىلىقلارنى، دەرد - ھەسرەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى، تەسىرلىك، سۆيۈنەرلىك خاتىرىلەرنى، ئەسلەشكە كۆڭۈل يار بەرمەيدىغان پاجىئەلەرنى، ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا خىجىل بولىدىغان نادامەتلەرنى،

ئەۋلادلىرىمىزغا ئىبرەت بولىدىغان ئەسلىمىلەردۇر ... ئۇچراتماي قالمايمىز. ئىسلاھاتقا جاھالەت، ئىچمۇئىتمىشكە بېكىنىش، باياشادلىققا گادايلىق، ئارزۇ - ئۈمىدكە غەم - ئەندىشە كۈشەندە بولۇپ تۇردى. ئاقىۋەتتە ياخشى يامان ئۈستىدىن، كۈچلۈك زەئىپ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. تارىخ زەئىپلەرنى قوغدىمايدۇ. جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدا خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە سوپى مىجەز ئېھتىياتچانلىقنى، «خاتا»لىشىشتىن ئەندىشە قىلىپ، «كاللىنىمۇ يېمەي، چىشىنىمۇ چاقماي» ئۆتتۈشنى ياخشى كۆرۈپ، نەتىجىدە بىر قانچە قېتىم كەلگەن ئامەتنى - ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى. ھازىرقى ئامەت يەنى ئىسلاھات دولقۇنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇ-شىمىز ۋە باشقا خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن قۇدرەتلىك تۈرتكىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلاھات قەدەملى-رىمىزنى تېزلىتىش دۆلىتىمىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدىغان ئاچقۇچتۇر. ئىسلاھاتتا قولىمىزدىن كېتىدىغىنى - قاششاقلىق، نادانلىق، گادايلىق. قولىمىزغا كېلىدىغىنى بولسا تەرەققىيات، ئىلىم - مەرىپەت ۋە باياشادلىق.

بۈگۈنكى ياپونىيە، تەبىئىيكى، تۈنۈگۈنكى ياپونىيىنىڭ داۋامى. بىز تارىخىي نەزەرىمىزنى ياپونىيىنىڭ تۈنۈگۈنكى سەھىپىسىگە يۆتكەپ، ياپونىيە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئىككى چوڭ باسقۇچى بولغان «داخۇا ئىسلاھاتى» ② بىلەن «مېيجى يېڭىلىقلىرى» ③ نى تەتقىق قىلىپ كۆرەيلى. مىلادىنىڭ 646- يىلى ۋە 1868- يىلى ياپون خەلقىنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتلىك يىللىرىدۇر. ياپونىيە جەمئىيىتى 646- يىلى قۇللۇق دەۋرىدىن «داخۇا ئىسلاھاتى» ھەرىكىتى بىلەن فېئوداللىق دەۋرىگە كۆچكەن؛ 1868- يىلى بولسا، فېئوداللىق دەۋرىدىن «مېيجى يېڭىلىق-لىرى» ھەرىكىتى بىلەن كاپىتالىزم دەۋرىگە كۆچكەن. بۇ ئىككى قېتىملىق «ئىسلاھات» ياپون مىللىتىنىڭ بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە خاس يېڭىلىق يارىتىدىغان جاسارىتىنى ۋە ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىنى تولۇق نامايان قىلدى. ھەممىمىزگە مەلۇم، ياپونىيە ئەسلىدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بار قەدىمكى دۆلەت ئەمەس، بىزنىڭ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى «تۆت چوڭ كەشپىياتى» غا ئوخشاش ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرىمۇ يوق، ھەتتا ياپون مىللىتىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ ئەسلى ياپونىيە ئاراللىرىنىڭ خەلقى ئەمەس، ياپون مىللىتى ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىن ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى تۈرلۈك مىللەتلەردىن بېرىپ يەرلىشىپ قالغان خەلقلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، شۇ قاتاردا كېيىنكى چاغلاردا ياپون مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن جۇڭگو، چاۋشيەن كۆچمەنلىرىمۇ بار. قەدىمكى زاماندا ياپونىيىنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى سىزىقلار بىلەن گۈللەپ ئىشلەنگەن ساپال - كوزىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان ساپال قاچىلا-رىنىڭ كونا تەۋەررۈك ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا مۇھىمراق ھېسابلانغان قەدىمكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى شۇ ئەينى زاماندىكى جۇڭگوغا قارىغاندا بىر نەچچە ئەسىر ئارقىدا ئىدى. مەسىلەن: ياپونىيىدە دېھقانچىلىق مىلادىيە 1- ئەسىر ئەتراپىدىلا بارلىققا كەلگەن، مىس ۋە تۆمۈر ئەسۋاب - سايمانلارنى بولسا خېلى كۆپ كېيىن ئىشلىتىشكە باشلىغان، يەنە كېلىپ ئۇنداق سايمانلارنى جۇڭگو بىلەن چاۋشيەندىن ئالغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ياپونلار خېلى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرگىچە «مەدەنىيەتتە تۇرغۇنلۇق» ④ ھالىتىدە تۇرۇپ قالغان. ئەمەلىيەتتە ياپونىيە قەدىمكى زاماندا دۇنيادا ھېچقانچە كۆزگە ئېلىنمايدىغان شەرقىي ئارال دۆلىتى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى زاماندا قاتناش قوراللىرى ۋە خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرى ئارقىدا قالغاچقا، مەدەنىيەتتە جاھالەتتە قېلىشى، خەلقىنىڭ نادان ھالەتتە قېلىشى

تەبىئىي بىر ئەھۋال ئىدى. ياپونىيىدە مىلادىيە 7- ئەسىردە ئىجتىمائىي بوھران پەيدا بولدى. مەسىلەن كەسكىن ئىچكى سىنىپىي كۈرەش زىددىيەتلىرى ۋە تاشقى مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك تەسىرى «داخۇا ئىسلاھاتى» ھەرىكىتىنى پەيدا قىلدى. بۇ ئىسلاھات جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمى بولغان خانزادىلار ۋە جۇڭگودا ئوقۇغان مەرىپەتپەرۋەر ئەربابلار باشلاپ بەرگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۈزۈم ئىسلاھاتىدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ھەرىكەت جۇڭگونىڭ سۈي، تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتى (ئاساسەن تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتى) نى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلغان ھەرىكەتتۇر. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى ئوبدان بىلمىدىغان ئادەملەرگە چۈشىنىشلىككى، «داخۇا ئىسلاھاتى» تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىدىن ئۆلگە ئېلىشنى، ئۇنى قوبۇل قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ «تېرىلغۇ يەرلەرنى تەڭ، باراۋەر تەقسىم قىلىش يارلىقى»، «ئورتاقچىلىق تۈزۈمى»، «مەنسەپدارلىق تۈزۈمى»، «ھەربىي تۈزۈم»، «قانۇن - تۈزۈم» دېگەندەك قانۇن - تۈزۈملىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك كۆچۈرۈۋالغان. لېكىن ياپونلارنىڭ «كۆچۈرۈشى» ئاخىرقى مەقسىتى ئەمەس، ئۇلارنىڭ مەقسىتى: ئۆز ۋاقتىدا دۇنيادا مەدەنىيەت ساھەسىدە ئالدىنقى ئورۇننى تۇتۇپ تۇرغان تاڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ئەخلەتلەرنى تېزلىك بىلەن سۈپۈرۈپ چىقىرىۋېتىپ، دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئەللەرگە يېتىشىۋېلىش ئىدى. ئۇلار ئىسلاھاتقا بەل باغلىغان ئەمەلدارلارنى، ئوقۇمۇشلۇق ئەربابلارنى، روھانىيلار (روھانىيلار ئۆز ۋاقتىدا ياپونلار جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى ئابرويلۇق بىر قاتلىمى ئىدى) نى ۋە باشقىلارنى جۇڭگوغا تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئەۋەتكەن. «تاڭ سۇلالىسىغا ئەۋەتىلگەن رەسۇللەر» دەپ تەرىپلىنىدىغان شۇ مەدەنىيەت ئەلچىلىرى تاڭ مەدەنىيىتىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ياخشى - يامانلىرىنى ئىنچىكىلەپ ئايرىپ، جەۋھەرلىرىنى تاللاپ، ئۆز خەلقى ئىچىگە تارقاتقان. مۇشۇنداق تاللاش نەتىجىسىدە قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىشتىن خالىي بولۇپ قالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن تاشقى مەدەنىيەتنىڭ كىرىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىقىدىغان ئىجتىمائىي داۋالغۇشلارنى ئازايتقان ھەمدە دەرۋازىنى تاشقىرىغا ئېچىۋېتىشكە قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ توسقۇنلۇقلىرىنىمۇ ئازايتقان. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ياپونىيە ئەلچىلىرى كېيىن 14 قېتىم نەچچە مىڭ كىشىلىك شۇنداق مەدەنىيەت ئەلچىلىرى ئەۋەتكەن. قاتناش قوراللىرى تولىمۇ قالاق ھالەتتە تۇرۇپ قالغان فېئوداللىق دەۋردە «رەسۇل» لارنىڭ شۇنچە كۆپ ئەۋەتىلىشى ھەقىقەتەن كارامەت مۆجىزە. سەپەر ئۈستىدە دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىش ۋە ئىسلاھاتتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش خەۋپى بولمىسا كاشكى. ئىسلاھاتچىلار بىر تەرەپتىن ياپونىيىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى جەۋھەرلەرنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاشقىرىدىن ئالغان ئىسسىق مەدەنىيەت قانلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، ياپون مەدەنىيىتىنى تېزلىك بىلەن گۈللەندۈرۈشكە ئىجتىھات قىلغان. ئاخىر، ئىسلاھاتچىلار دىققەت - ئېتىبارىنى يۇغۇرۇش، يېڭىلاش يولى بىلەن يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا توپلاپ، جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتىگىمۇ ئوخشىمايدىغان، ياپونىيىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگىمۇ ئوخشىمايدىغان يېڭى مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

مەسىلەن، ئالايلۇق، ياپونىيىدە «داخۇا ئىسلاھاتى»دىن كېيىن يولغا قويۇلغان مەنسەپدارلىق تۈزۈمى جۇڭگو تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپدارلىق تۈزۈمىگە ئوخشاش تولىمۇ ئىنچىكە، تولىمۇ پەرقلىق ۋە تولىمۇ مۇرەككەپ ئەمەس؛ ئەمەلدارلار دۆلەت ئەمتىھانى ئارقىلىق تاللانماتتى؛ ئىجتىمائىي ئورنى ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ياپونىيە پادىشاھى نەزەرىيە جەھەتتە ھەم دىنىي داھىي، ھەم دەھرىي سۇلتان بولسىمۇ، لېكىن

رېئال تۇرمۇشتا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئانچە چىڭ تۇتۇۋالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئىشلىرى جۇڭگونىڭكىگە قارىغاندا ئاسان يۈرۈشكەن، تاشقى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشمۇ ئاسان بولغان. ياپونىيىدە جۇڭگونىڭ فېئودال خاندانلىق تۈزۈمىگە ئوخشاش مەزمۇت ئىجتىمائىي تۈزۈم شەكىللەنمىگەچكە، ياپونىيە فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ ئۆمرى جۇڭگونىڭكىدەك ئۇزۇن بولمىدى. يەنە بىر مىسال: مىلادىيە 9- ئەسىردە ۋۇجۇدقا كەلگەن «ياپون تىلىنىڭ ئىشارەتلىك ئېلىپبەسى» جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ياپونىيە مەدەنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ياپونلار ياپون تىلىنى يەنى ياپونچە سۆزنى خەنزۇ خەتلىرىنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلغان بەلگىسى بىلەن يېزىپ، ياپون تىلى ئۈچۈن ناھايىتى ئۇنۇملۈك يېزىش ئۇسۇلىنى ياراتقان. دۇنيا بويىچە ھەممىدىن كونا ۋە ھەممىدىن بۇرۇن يېزىلغان رومانلا - زىئۇبۇ خانىم يازغان «يۈەنھەززەتنىڭ تەزكىرىسى»⑤ ئامالىق كىتابىقا قارايدىغان بولساق، تىلى ياپونچە خەنزۇ خەرپلىرىنى ناھايىتى كۆپ ئۇچرىتالايمىز. جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ياپونىيە مەدەنىيىتىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان شۇنداق يېڭى مەدەنىيەت بىرىكمىسى تاكى ھازىرغىچە ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ئۇدۇم بولۇپ كەلمەكتە. ياپونىيىنىڭ رەسساملىق سەنئەت گۈلزارلىقىدا تاڭ سۇلالىسى رەسساملىرىنىڭ كۈزىتىش، ئەقىل ئىشلىتىش، سىزىش ماھارەتلىرىدۇ، ياپون مىللىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ھېس - تۇيغۇ، رەڭ، تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ مېھمان كۈتۈش رەسىم - يوسۇنلىرىدىكى چاي دەملەش ئادىتىنىمۇ ياپونلار قوبۇل قىلغاندىن كېيىن باشقىچە پەم - پاراسەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كاتتا زىياپەتلەرگە ئىشارەت بولىدىغان «چاي مەدەنىيىتى»نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇلار ياپون مىللىتىنىڭ تاشقى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشقىمۇ، ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلاشقىمۇ ماھىر، يېڭىلىق يارىتىشتا دادىل مىللەت ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ياپونلار ئەنە شۇنداق ئاجايىپ مەدەنىي يېڭىلىق روھىغا باي بولغانلىقى ئۈچۈن، ياپونىيىنى نام - نىشانسىز پايناپ ئارال دۆلىتىدىن يۇقىرى مەدەنىيەتلىك شەرق دۆلىتىگە ئايلاندۇردى.

مەدەنىيەت قوبۇل قىلىشقا ھاجىتىمەن بولۇپ ياشىغان ياپونىيە بىر نەچچە ئەسىردىن كېيىن خۇددى «ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كەتكەن»دەك، مەدەنىيەتنى يوللاپ بەرگەن جۇڭگودىن ئېشىپ كەتتى، بۇنداق چوڭ بۇرۇلۇش ياپون مىللىتىنىڭ يەنە بىر مەدەنىي يېڭىلىق ئامىتىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر قېتىم ئىسلاھاتقا كىرىشكەنلىكىنىڭ خاسىيىتىدۇر. ئۇ ئىسلاھات 1863 - يىلىدىكى «مەيجى يېڭىلىقلىرى» ھەرىكىتىدۇر.

ھەر قانداق شەيئىنىڭ تەرەققىيات يولى بىر ئېگىزلەپ، بىر پەسلەپ تۇرىدىغان دولقۇنسىمان بولغانىدەك، «داخۇا ئىسلاھاتى» دىن كېيىنكى ياپونىيە جەمئىيىتى بىر مەزگىل پۈرەكلەپ گۈللىگەن بولسىمۇ، لېكىن فېئودال جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ ئۆزى بىر خىل ئىسكەنجە-كىشەن بولغانلىقى، فېئودالىزم قانچىكى ئۇزۇن دەۋر سۈرسە ئۇ ئىسكەنجە شۇنچە چىڭ قىسىپ، ھەدىي - سەدىي قىلىشقا يول قويمايدىغانلىقى ئۈچۈن، فېئوداللىق مەدەنىي گۈللىنىشنىڭ ئۆزى ھالاكەتچىلىكىنىڭ خىمىرتۇرۇچىغا ئايلىنىپ قالدى. ياپونىيە جەمئىيىتى 19 - ئەسىردە چىرىپ، بېكىنىپ، تەرەققىياتتىن چېكىنىپ، بىزەڭلەرچە غادىيىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى، جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ قالدى، بىر چاغلاردا ياپونىيىگە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان

مەدەنىيەت چىقارغان جۇڭگو فېئوداللىزم خاندانلىقلىرىنىڭ ھېلىمۇ شۇ مەزگىللەردە پەسلەپ،
ماغدۇرى كېتىپ، كۈنى تۈگەپ قالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى پەقەت چوڭقۇر
يىلتىز تارتىپ كەتكەن ۋە كۆلىمى زورىيىپ كەتكەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۈزۈملىرى
بىلەن زورىغا ساقلاپ تۇرماقتا ئىدى. ياۋروپا، ئامېرىكا جەمئىيەتلىرى بولسا، شۇ مەزگىللەردە
كاپىتالىستىك سانائەتنى يولغا قويۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك زور ماشىنىلار بىلەن ئىشلەپچىقىرىش
ۋاستىلىرىنى بەرپا قىلىپ، مەدەنىيەتتە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتكەن ئىدى. كاپىتالىستىك
دۆلەتلەر سانائەت ئىنقىلابىنىڭ مېۋىلىرىدىن پايدىلىنىپ، كاپىتالىزىمنىڭ ئۆزىگە خاس
تەبىئىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن چەت ئەللەرگە تاجاۋۇز قىلىش، ئارقىدا قالغان باشقا مىللەتلەرنى
قۇل قىلىش يولىنى تۇتتى. نەتىجىدە شۇ مەزگىللەردە دۇنيادا بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان
ئىجتىمائىي ھاياتلىق كۆرۈنۈشى پەيدا بولدى: بىر تەرەپتە «جانلىنىۋاتقان كاپىتال» ئۇيان-
بۇيان قاتراپ، ئۆزى ئۈچۈن ياشاش زېمىنى ئىگىلەپ، دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن كۈچ-
قۇۋۋەت توپلاش بىلەن بولۇپ كېتىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە، بېكىك ھالەتتە تۇرۇپ قالغان
فېئوداللىق جەمئىيەت «خۇددى ھاۋا ئۆتمەس ساندۇقتا ئاۋايلاپ ساقلىنىۋاتقان، يېڭى ھاۋانى
كۆرسىلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان مومىياغا ئوخشاش» بولۇپ قالدى⑥. 1840 - يىلدىكى جۇڭگو-
ئەنگلىيە ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياپونىيە جەمئىيىتى ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى كاپىتالىستىك
دۆلەتلەرنىڭ چاڭ سېلىش نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ياپونىيە فېئودال
پادىشاھلىقى «مەملىكەت دەرۋازىسىنى تاقاش سىياسىتى»،
«مەملىكەت دەرۋازىسىنى تاقاش تۈزۈمى»نى قوللىنىپ، ياپونىيىدىكى ھۆكۈمەت
قولىدىكى، خەلق ئىلكىدىكى سودا ئىشلىرىدا تاشقى سودا ئالاقىسىنى يولغا قويۇشنى بارلىق
كۈچى بىلەن چەكلىدى. تاشقى سودىنى گويا يىرتقۇچ ھايۋان، ۋابا، ئاپەت قاتارىدا كۆردى، ياپون
خەلقىنى چەت ئەللەرگە بېرىشتىن قاتتىق توستى، ئۆزلۈكىدىن باشقا ئەللەرگە ماڭغانلارنى
ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالىدى، «پەرەڭ كىتابلىرى»نى مەنئىي قىلدى، غەربنىڭ ئىلىم-پەنلىرىنى
تەرغىب قىلغان ياپون ئالىملىرى، سىياسىئونلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات-
چىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلدى. ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرى ئەسلىدە «مەملىكەت دەرۋازىسىنى تاقاپ»
قويساق «راھەت - پاراغەت» ئىچىدە ياشايمىز دەپ ئويلاشقان ئىدى، لېكىن تېخىمۇ يامان
تۇرغۇنلۇق، نادانلىق، قاششاقلىق ۋە چىرىكلىك ئاقىۋىتىگە دۇچار بولدى. ياۋروپا، ئامېرىكا
زومىگەرلىرى 1853 - يىلى ياپونىيىنىڭ «بېكىك دەرۋازا»سىنى زورلۇق بىلەن تۈرتۈپ ئاچتى،
شۇنىڭ بىلەن غەرب ئادەملىرى، غەرب شەيئىلىرى ۋە غەرب ئىدىئولوگىيىلىرى ياپونىيە جەمئىيىتىگە
كۆپلەپ كىرىشكە باشلىدى. ياپون مىللىتى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ دەرۋازىدىن تۈرتۈپ - بۆسۈپ
كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ھالسىزلىقىدا قاراپ، ئۆز ھالىتىنى
ئۆزگەرتىش، ئالدىنقى قاتاردىكى تاشقى مەدەنىيەتنى تاللاۋېلىش، شۇنىڭ بىلەن يېڭى مىللىي
مەدەنىيەت يارىتىش ئىرادىسىنى، جاسارىتىنى، پەم - پاراسىتىنى ۋە يىراقنى كۆرەرمەنلىكىنى
يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. باشقىلاردىن ھەزەر قىلىدىغان روھىي ھالەت تېزپەيلىدىن
باشقىلارنى يەكلەيدىغان، «ياتلارغا قارشى» سەپسەتىلەرنى تەرغىب قىلىدىغان
ئادەملەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، «تاشنى تۇخۇم بىلەن ئۇرغان» دەك ئەخمەقلىقلارنى قىلىپ
باققان بولسىمۇ، لېكىن «پورت - لىمانلارنى ئېچىۋېتىش»نى تەشەببۇس قىلىدىغان
ئىسلاھاتچىلار ئۈستۈنلۈكنى قازاندى. چىڭ تاقالغان «قاپقا»لار ئاخىرى ئېچىلدى. شۇ چاغلاردىكى

گېنېرال دې چۈەنجياكاڭنىڭ ئالتىنچى دىكى ھۆكۈمەت ئىسلاھاتىدا - يېڭىلاشقا پۈتلەكاشاڭ بولۇپ قالدى. دې چۈەنجياكاڭنىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ، غەرب دۆلەتلىرىنىڭكىگە ئوخشاش سىياسىي تۈزۈمنى تەسىس قىلغاندىلا ئاندىن «يورت - لىمانلارنى ئېچىۋېتىش» سىزىقىنى تېزلەشتۈرۈپ، ياپونىيە مىللىي مەدەنىيىتىنى جانلاندۇرغىلى، غەرب دۆلەتلىرىگە تەڭ تۇرالىغۇدەك كۈچ-قۇۋۋەت توپلىغىلى بولىدىغان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلاھاتچىلار تارىخىي تەرەققىيات دولقۇنىغا ماسلىشىپ، قەيسەرلىك بىلەن «مېيجى يېڭىلىقلىرى» ھەرىكىتىنى قوزغىدى.

«مېيجى يېڭىلىقلىرى» ئاساسەن سىياسىي ئىنقىلاب، بۇنىڭدا شەك يوق؛ لېكىن ئۆز ۋاقتىدىكى دۇنياۋى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھەم مەدەنىيەت توقۇنۇشىدىن - كاپىتالىستىك مەدەنىيەت بىلەن فېئوداللىق مەدەنىيەتنىڭ ئېلىشىشىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدىمۇ شەك يوق. «مېيجى يېڭىلىقلىرى» تەرەپدارلىرى «ئىسلاھ قىلىش» نى، «يېڭىلاش» نى مۇقەددەس ۋەزىپە قىلىپ تاللىۋالدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئادەت بولۇپ سىڭىپ كەتكەن ۋە لېكىن يېمىرىلىپ، قۇرۇپ كەتكەن فېئودالىق مەدەنىيەتتىن كەسكىن ۋاز كېچىپ، ئۆزلىرىگە يات بولغان ۋە لېكىن يېڭى تۇرەلگەن كاپىتالىستىك مەدەنىيەتنى تاللىۋالدى. مېيجى پادىشاھى: «تاشقى دۇنيانىڭ ئىلىم-بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ پادىشاھلىقىمىزنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەيلى» دېگەن مەزمۇندا «بەش ماددىلىق ئەھدىنامە» نى ئوتتۇرىغا قويدى. «مېيجى يېڭىلىقلىرى»دىن كېيىنكى ياپونىيە تارىخىدا تۈرلۈك داۋالغۇشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن «بەش ماددىلىق ئەھدىنامە»نىڭ ئاساسىي روھى ياپون مىللىتىنى قۇدرەت تېپىش يولىدا ھارماي - تالماي غەيرەت قىلىپ ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئاۋۇنخې ئەپەندىنىڭ «ياپونىيىنىڭ قىسقىچە يېقىنقى زامان تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بىر نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «ياپون خەلقى، ھەممىدىن ئاۋۋال ياپونىيە ئەمگەكچى خەلقى مىللەتارىست دې چۈەنجياكاڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى قۇربان بولۇشتىن يانمايدىغان ئىنقىلابىي كۈرەش بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جاسارەت بىلەن ئىزلەپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، قېتىرقىنىپ ئىلمىي تەجرىبىلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ياپونىيىنى قالاق، بېيىك ھالەتتىن تېز قۇتۇلدۇردى. مېيجى يېڭىلىقلىرىغا قايىل بولۇش دېمەك ھەممىدىن ئاۋۋال ياپون خەلقىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىدىغان، جاسارەت بىلەن ئەلنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان ئىنقىلابىي ئەنئەنىسىگە ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا قايىل بولۇش دېمەكتۇر». ياپون مىللىتى پۈتۈن «مېيجى يېڭىلىقلىرى» ھەرىكىتى جەريانىدا «مەدەنىيەتتە يۈكسىلىش»نى يېتەكچى ئامىل قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە تاللىغان يولىنىڭ توغرا، يىراقنى كۆرەرمەن يول ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئۇلار ئىمارەتلىرىنىڭ ھەممىدىن ياخشىلىرىنى مەكتەپ ئۈچۈن ئىشلەتتى، ھەممىدىن كۆپ (يۇقىرى) مائاشنى ياپونىيىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ياردەم بەرگەن چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلارغا، مۇتەخەسسىسلەرگە بەردى، ھەممىدىن ئارتۇق تەشۋىقات-تەرغىبات ئىقتىدارىنى خەلقنىڭ بىلىمىنى ئۆستۈرىدىغان، ئەقىل پاراسىتىنى ئاشۇرىدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارغا سەرپ قىلىپ، خەلقنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ئىلھام بەردى؛ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇپ، مەدەنىيەتتە يۈكسىلىشنى ياپون مىللىتىنىڭ دۇنيادا ياشىشىنىڭ، ئەلنى قۇدرەت تاپتۇرۇشىنىڭ «سەرمايىسى» يەنى كاپىتالى قىلىپ، ياپونىيىنى كاپىتالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش داۋامىدا ناھايىتى كۆپ «ئۆسۈم»گە يەنى پايدىغا ئېرىشتۈردى؛ شۇ «ئۆسۈم» ئەسلى «سەرمايە»نى يەنە تېخىمۇ كۆپەيتىپ باردى. ئۇلار شەرق مەدەنىيىتىنى يۇغۇرۇش ۋە يېڭىلاش يولىدا ئىزدىنىپ، ياپون مىللىتىنىڭ سەممىمىي، ئىتتىپاق ياشايدىغان،

ئىش - مەشغۇلاتقا قېتىرقىنىپ كىرىشمىدىغان، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەتكە تەييار تۇرىدىغان ئەنئە-
نىۋى مەدەنىيەت پېسخولوگىيىسىنى نۇرلاندۇردى، مەدەنىي يېڭىلاش روھىنى پەن - تېخنىكىغا،
تۈرلۈك مەشغۇلاتقا ھەر جەھەتتىن سىڭدۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇلار غەربنىڭ پادىشاھلىق ئاساسىي
قانۇن تۈزۈمىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، غەربتە بولمىغان، ئاساسەن ئالىي روھانىي نوپۇزغا
ئىشارەت بولغان پادىشاھ ئابرويىنى ساقلاپ قالدى؛ ئۇلار غەربچە يەككىچىلىكنى بەرپا قىلدى،
لېكىن شەرقچە كوللېكتىپچىلىقنى تېخىمۇ قەدىرلىدى؛ ئۇلار غەربنىڭ تېخنىكىسىنى، ھۈنەر -
سەنئىتىنى، مەشغۇلاتلىرىنى، نەغمە - مۇزىكىلىرىنى، تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ئاشكارە تەقلىد
قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ياپون مىللىتىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈپ،
يېڭىلاپ، ياپون مىللىتىگە خاسلىقى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان شەيئىلەرگە ئايلاندۇردى.
قىسقىسى، ئۇلار ياپونىيىنىڭ يېڭى مىللىي مەدەنىيىتىنى ئېغىشماستىن ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

ياپون مىللىتىنىڭ «داخۋا ئىسلاھاتى» ۋە «مېيجى يېڭىلىقلىرى» ھەرىكەتلىرىنىڭ پۈتۈن
جەريانىغا ئەتراپلىق نەزەر سالىدىغان بولساق، ياپون خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تونۇشى پەيدا
بولغاندا ئىسلاھاتقا يۈزلىنىش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ، تاشقى
مەدەنىيەتنى ئىمكان قەدەر كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىشقا، ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ
ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى تىرىشىپ سىستېمىلىق ساقلاشقىمۇ ماھىر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە قۇدرەتلىك جۇڭگو مەدەنىيىتىنى، جانلىق ياۋروپا - ئامېرىكا
مەدەنىيىتىنى قوشۇپ، جۇڭگو مەدەنىيىتىگىمۇ ئوخشىمايدىغان، ياۋروپا - ئامېرىكا مەدەنىيىتى-
دىنمۇ پەرقلىنىدىغان يېڭى مەدەنىيەت سىستېمىسى يارىتىش يولىدا تىرىشتى. «داخۋا ئىسلاھا-
تى»دا بۈيۈك تاڭ مەدەنىيىتى ئارىلاشتۇرۇلغان ياپونىيىچە فېئوداللىق مەدەنىيەت سىستېمىسىنى
ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولسا، «مېيجى يېڭىلىقلىرى» ھەرىكىتىدە ياۋروپا - ئامېرىكا مەدەنىيىتى
ئارىلاشتۇرۇلغان ياپونىيىچە كاپىتالىستىك مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ياپون
مىللىتى بۇلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ ئەجىر قىلدى. تاپقان بەرىكىتى ئەجرىسىدىن
كۆپ ئارتۇق بولۇپ چىقتى.

«مېيجى يېڭىلىقلىرى» ھەرىكىتىدىن بەرىكە تاپقان - نەپ ئالغان ياپونىيە مەدەنىيىتى
مۇۋەپپەقىيەت بىلەن كاپىتالىستىك زامانىۋىلىشىپ، قۇدرەتلىك شەرق دۆلىتى بولۇپ قالدى.
بۇ ھال ئەسلىدە كاپىتالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تولىمۇ ئوبدان
شەرت - شارائىتى ئىدى. لېكىن ياپونىيە تارىخىدا تەتۈر بۇرۇلۇش يۈز بەردى: ياپونىيىدە
سىياسىي ساھەنى، مالىيە - ئىقتىساد ساھەسىنى ۋە ھەربىي ساھەنى مىلى-
تارىزىم مەلئۇنلىرى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى، مىللەتچىلەر ياپونىيىنى مەر-
كەز قىلىپ تۇرۇپ «ئۇلۇغ شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گۈللىنىش دائىرىسى»
قۇرۇش «شېرىن خىيال» لىرىغا بېرىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «مېيجى يېڭىلىقلىرى»
ھەرىكىتىدىن كېيىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي سەمەرىلەرنى تاشقىرىغا
تاجاۋۇز قىلىش كاپىتالىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - ئىرپان پاجىئەلىك ھالدا
تەتۈرىگە قاراپ راۋاجلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - ئىرپان ھالاكەتكە يۈز
تۇتىدۇ. 1931 - ، 1944 - يىللىرى ياپون فاشىستلىرىنىڭ دۇنيا ئۇرۇشى قوزغىشى، جۇڭگوغا
تاجاۋۇز قىلىشى، ئاخىر شەرمەندىلەرچە مەغلۇب بولۇشى ئەنە شۇنداق تارىخىي تەتۈرلۈكنىڭ

روشەن دەلىلىدۇر. شۇ قېتىمقى ئادالەتسىز ئۇرۇش جۇڭگونى ۋە باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئېغىر بالايى - ئاپەت، ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار قىلىپ، شۇ دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنى ئارقىسىغا سۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئېغىر پالاكەتلەرگە يولۇقتۇردى، ماددىي بايلىقىنى قۇرۇتتى، مەنىۋى تەرەققىياتلىرىنىمۇ يەكسان قىلدى. شۇ ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىدە ياپونىيىنىڭ سانائىتى پالەچلەشتى، يېزا ئىگىلىكى خارابلاشتى، سودا ئىشلىرى سۇندى، خەلقنىڭ هال - كۈنى ياماندلاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ هەربىي ئىشغالىيىتى بېشىغا بالا بولۇپ، ئىستىقبالى خۇنۇكلەشتى. لېكىن كىشىلەرنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ياپون مىللىتى شۇنىڭ بىلەن تۈگىشىپ كەتمىدى، ئەكسىچە خارابىلىق ئۈستىدە زامانىۋى بىنا قوپۇرۇشقا هەرىكەت قىلدى. 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىغا كەلگەندە ياپونىيە ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئىقتىسادىي ئەزىمەتكە ئايلىنىپ قالدى، ياپون مىللىتى يەنە دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر قاتارىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ سىرى نېمە؟ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، هەممىگە ئايان بولغان ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنى هېسابقا ئالمىغاندا، ياپون مىللىتىنىڭ «داخۋا ئىسلاهاتى» ۋە «مېيجى يېڭىلىقلىرى» هەرىكەتلىرى داۋامىدا يېتىشتۈرگەن، بېشىغا دەرد - ئەلەم كەلگەندە روهىنى چۈشۈرمەيدىغان، مەدەنىيەتتە يېڭىلىققا غەيرەت بىلەن ئىنتىلىدىغان ئىسلاهات روهى، شەكسىزكى، ياپونىيىنى ئىقتىسادىي جەهەتتە ئۇچقاندەك تەرەققىي تاپتۇرىدىغان ئاساسىي قۇۋۋەت مەنبەسى بولۇپ رول ئوينىغان. پەلەك چۆرگىلىگەن، لېكىن مىللىي مەدەنىيەت پىسخولوگىيىسى ئۇدۇمىنى ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ئىزچىللاشتۇرغان. دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياپونىيە هۆكۈمىتىمۇ ياپون مىللىتىنىڭ ئەنە شۇنداق ئەنئەنىۋى مەنىۋى مىراسلىرىدىن ماهىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ ئالغا ئىنتىلىش— ئىزدىنىش روهىغا تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىلهام بېرىپ، ئاخىر زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ياپونىيە خەلقى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا بىرلا قېلىپ بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، ياپون مىللىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە كاپىتالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈلگىسىنى ياراتتى. ئىلىم - ئىرپاننىڭ دۆلەت چېگراسى بولمايدۇ. ياپونلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا كېتىۋاتقان بىز جۇڭگو خەلقىگە مۇنداق بىر نەچچە جەهەتتىن ئىلهام بېرىشى مۇمكىن:

**1. دەرۋازىنى هەممە تەرەپلەپ ئېچىۋېتىپ، تاشقى مەدەنىيەتنىڭ جەۋهەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىش.** ياپونىيە 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولدى، ئامېرىكا ياپونىيىنى هەممە جەهەتتىن هەربىي ئىشغالىيەت ئاستىغا ئالدى، ياپونىيىگە دەرۋازىنى چىڭ تاقاپ تۇرۇپ باشقىدىن قەد كۆتۈرۈشكە ئىمكانىيەت قالمىدى. بۇ هالنى ياپونىيە هۆكۈمىتىمۇ، خەلقىمۇ ئوبدان چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن ساۋاق ئېلىپ، مۇنداق بىر جىددىي پاكىتقا ئاقىلانىلىق بىلەن دىققەت ئېتىبارىنى بەردى. ياپونلار مەدەنىيەتتە تەرەققىي تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ياپونلاردىنمۇ بەك تەرەققىي تاپقانلار يوق ئەمەس؛ ئۆز ۋاقتىدا ياپونلاردىن بىر تۈركۈم ئۇرۇش خۇمارلار چىقىپ، قارامىلىق بىلەن دۇنيا ئۇرۇشى قوزغاشقا پېتىنغانلىقىنىڭ بىر ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، ئۇلار تۈگۈنۈكتىن ئاسماننى كۆرۈپ، شۇنىڭ بىلەن تېرىسىگە پاتماي شىلتىڭ ئاتقان، مەدەنىيەتتە دۇنيادا ياپونلارغا تەڭ كېلەلەيدىغان هېچقانداق مىللەت يوق دەپ تەمەننا قىلغان. هەقىقەتتە ئۇرۇش ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش بولۇپلا قالماستىن (يىراقنى كۆزلىگەندە، بۇ هەم هەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ)، ئىلىم - مەرىپەت جەهەتتىكى قۇۋۋەت ئېلىشىشى بولۇپمۇ هېسابلىنىدۇ. «مەخپىي بېغىر رەڭ

تېلېگرام نومۇرى» بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. ياپونىيىنىڭ توكيودىكى باش شتابى 2- دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇلۇغ ئوكياندىكى ھاۋا، دېڭىز ھەربىي بازىلىرى بىلەن مەخپىي خەۋەر ئالاقىسى قىلغاندا، «مەخپىي بېغىررەك تېلېگرام نومۇرى» دەپ ئاتالغان مەخپىي ھەربىي نومۇرنى ئىشلەتكەن. ياپونىيىنىڭ ھەربىي ساھەسىدىكىلەر بۇ تېخنىكىنىڭ يۈكسەك ئىقتىدارىغا ئىزچىل ئىشىنىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن ئۇلار ئامېرىكىنىڭ رادىئو تېخنىكىسىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان: ئامېرىكىنىڭ مەخپىي ھەربىي ئاخبارات ئورگانلىرى «مەخپىي بېغىررەك تېلېگرام نومۇرى» يوللىغان ۋە قوبۇل قىلغان بارلىق خەۋەرلەرنى قوبۇل قىلىۋېلىپ، تەرجىمە قىلىپ، مەزمۇنىنى بىلىۋالغان ۋە پەيتىنى كەلتۈرۈپ ئەجەللىك ھۇجۇمغا ئۆتكەن. لېكىن توكيودىكى باش شتاب شۇ چاغلاردا قۇرۇق چۆچەكتە چۆپ يەپ ئولتۇرغان، تاكى ياپونىيىنىڭ ئەڭ مەشھۇر دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى سەنبېن 56 مەخپىي ھالدا كۆزدىن كەچۈرۈش خىزمىتىگە چىققاندا ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىنىڭ زەربىسى بىلەن ئۆلگەندە ئاندىن چاتاقنىڭ نەدىن چىققانلىقىنى بىلگەن؛ يادرو تېخنىكىسى ۋە باشقىلارمۇ ياپونلارنى چۆچۈتكەن. دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياپونىيە ئۆزلىرىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى راستتىن ئېتىراپ قىلغان. بۇ تۈيغۇمۇ ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئېلېكترون تېخنىكىسىنى ۋە بىلىم سانائىتىنى ئېتىبار بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلىشقا تۈرتكە بولغان ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئۇلار دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەردىن يېڭى - يېڭى تېخنىكىلارنى تەشنالىق بىلەن كىرگۈزدى، تاشقى مەدەنىيەتتىن پايدىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلدى. ياپون خەلقى باشقىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى، ئۆتكۈر تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ھەرقانداق چارە - ئامالارنى ئىزلىدى، ھەرقانداق چىقىمنى ئايىمىدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتىمۇ، كارخانىلىرىمۇ باشقا ئەللەرگە بېرىپ ئوقۇش - ئۆگىنىش، كۆرۈش ئۈچۈن ئوقۇغۇچى، پەن - تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى چىقىرىشقا كۈچىنى ئايىمايدۇ؛ ياپونىيىنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخباراتچىلىرى دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە شۇ ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ، سېلىشتۇرۇپ، تەھلىل قىلىپ ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشلىرىنى مۆلچەرلەپ، ياپونىيىنىڭ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرماقتا؛ ياپونىيىنىڭ تاشقى سودىسىدا پەقەت بىرلا جەھەتتە — تېخنىكا كىرگۈزۈش جەھەتتىلا — ئىمپورت ئېكسپورتتىن ئېشىپ تۇرىدۇ، قالغان جەھەتتە بولسا ئېكسپورتى ھامان ئىمپورتتىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ياپونلار كۆڭلىدىكى گېپىنى قىلىپ: قايسى دۆلەت قايسى جەھەتتىن ھەممىدىن بەك قۇدرەت تاپىدىكەن، بىز شۇ دۆلەتنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىش قىلىمىز، دەيدىكەن.

ياپون مىللىتى ئەنە شۇنداق دۆلەت، ئىرق، مىللەت، سىياسىي تۈزۈم چەك - چېگرىسى بىلەن چەكلىنىپ تۇرماي، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تولدۇرۇپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى قەدىرلەيدىغان، ئۆگىنىدىغان كەڭ قورساقلىقىنى ۋە جەسۇرانە روھىنى ئىپادىلەيدۇ. «كۆسەي ئۇزۇن بولسا قولغا ئارام» دېگەندەك، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ ئەلنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەدبىرىنى يېڭىباشتىن تەتقىق قىلىشقا، تەجرىبە قىلىشقا، ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا كېتىدىغان نۇرغۇن ئادەم، پۇل ۋە نەرسە - كېرەكنى تېجەپ قېلىشقا ئىمكان بېرىدۇ. ياپونلار ئۆز مەدەنىيىتى ئۈچۈن يېڭى ئوغۇزلارنى ئەنە شۇنداق تەدبىرلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز ئىمپورت قىلىپ، ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى قۇدرەتلىك ئىلگىرى سۈرمەكتە.

2. ھەممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش. ياپون مىللىتى تاشقىرىدىن كىرگەن مەدەنىيەتكە قوينىنى كەڭ ئاچىدۇ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تەرك ئېتىشكە يەنى ئېگىلىزمغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز دۆلىتىنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇب بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى كەم سۇندۇرىدىغان، ھەدەپ ياتلارغا چوقۇنىدىغان ۋە ياتلاردىن ئاشقانغا ئاشىق بولىدىغان قىلمىقلارغا كەم بېرىلىدۇ؛ ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە زوقلىنىدۇ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداشنى، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى باش تارتقىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت ھېسابلايدۇ.

مەسىلەن: مەھەللىۋى مەدەنىيەت ياپون خەلقى پەخىرلىنىدىغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتۇر. ياپون خەلقى ئۆز نەزەرىدە كارخانىنى، شىركەتنى، جامائەنى، جامائەتنى، مەھەللىنى، مەكتەپنى ھەتتا مەشغۇلات گۇرۇپپىسىنى ۋە ئائىلىنىمۇ «مەھەللە» ھېسابلايدۇ، ھەر «مەھەللە» ئۆزىگە يارىشا بەلگە بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پوسۇندا كىيىنىدۇ. بۇنداق كۈچلۈك مەھەللىۋى تەۋەلىكلەردىن فېئودالىزم مەدەنىيىتىنىڭ بەزى تەسىرى ئانچە-مۇنچە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن شۇخۇسۇسىيەت، شەكسىزكى، ياپون خەلقىدە يۈكسەك كوللېكتىپچىلىكنى ۋە كوللېكتىپ پەخىرنى يېتىشتۈرگەن. ياپونلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇزۇنغىچە مۇقىم راۋاجلىنالىشى ئەنە شۇنداق مەھەللىۋى ئومۇلۇك بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ياپونىيە ھۆكۈمىتىمۇ، كارخانا ساھەسىدىكىلەرمۇ تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا پايدىلىق بولغان شۇنداق «مەھەللىۋازلىق»نى قوغدىماقتا. ئىش-خىزمىتىنىڭ يىللىق ئۇنۇمى ھېسابىغا مائاش بېرىش تۈزۈمى، ئۆمۈرلۈك ياللاش تۈزۈمى، تۇرمۇش پاراۋانلىقى تۈزۈمى، پايدا پىرسەنتى، لاتارىيە بېلىتى، پاي چېكى، بالداق ھالقىپ دەرىجە ئۆستۈرۈش، تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتالغان تورت ۋەھاكازالار «مەھەللىۋازلىق»نى كۈچەيتىش يولىدا قوللىنىدىغان مۇھىم ۋاسىتىلىرىدۇر. ئۇلار خەلقتە: شەخس بىلەن كوللېكتىپنىڭ ھايات-ماتات مۇناسىۋىتى بار، بىرى روناق تاپسا ھەممىگە نەپ تېگىدۇ، بىرىگە زىيان بولسا، ھەممىگە تەسىر قىلىدۇ، دېيدىغان تەسىرات پەيدا قىلىشقا تىرىشىدۇ. ياپونلار ئادەتتە قەدىر-قىممىتىنى كارخانىغا تەۋەلىكى يوسۇندا سىڭدۈرۈپ، كارخانىنى مەلۇم ئىقتىسادىي ئىقتىدارنى ئىشقا سالىدىغان قورال دەپلا قارىماستىن، «ئادەم» لەر جامائەسىنىڭ ئىقتىدارلىق تەشكىلاتى دەپمۇ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار توختام تۈزۈشنى قەدىرلىمەي، ھاۋالە قىلىشنى قەدىرلەيدۇ. ئىشقا، خىزمەتكە ئېلىش ۋە ئىشتىن، خىزمەتتىن بوشىتىشنى تەكىتلىمەستىن، كەسپىي تەلىم-تەربىيىنى تەكىتلەيدۇ. بۇنى ياپونلارنىڭ: «كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ قويارسىز» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغانلىقىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چەت ئەللەردىن ياپونىيىگە بارغان كىشىلەرنىڭ ھەتتا، ياپونلار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ساقلاشقا گويا پۇلغا جان بېرىدىغان پىخسىقلاردىنمۇ ئارتۇق ھېرىس ئىكەن، دەپ تەرىپلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك بىر گەپ ئەمەسا بۇ مۇبالىغە ئەمەس، چۈنكى ياپونلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش روھىنى دۇنيا ئېتىراپ قىلىدۇ. ئېھتىمال ياپون خەلقى مۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى ئوبدان بىلسە كېرەك: تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ياپون خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئۆزىگە مەنسۇپ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئانچە كۆپ ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە قەدىرلىسە كېرەك. قېتىرقىنىپ-تىرىشىپ ئىشلەش، ئاياش، تېجەش، ئىنتىزامچانلىق، ئەدەب-قائىدىگە رىئايە قىلىش، پۇل تېپىشنى ۋە جايلاپ خەجلەشنى بىلىش، ئۆگىنىشكە تىرىشچان، ئىتائەتچانلىق ۋەھاكازالار ياپون خەلقى ئىزچىل ساقلاپ كېلىۋاتقان

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەركىبلىرىدۇر. ھازىرقى ياپونىيىدە ياۋروپاچە شىم - كاستيۇم ۋە پادىچى شىمى بىلەن ياپونچە ئۇزۇن تون، ياۋروپاچە شىمونىس كارۋىتى بىلەن ياپونچە تاتامى - سۇپا كارۋات يەنى غەربچە نەرسىلەر بىلەن ياپونچە نەرسىلەر بىر - بىرىگە ھۆسن تۇرماقتا. بىر ئاددىي ياپون ئىشچى ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەپ: مەن ئۆيۈمدىن چىقىپ ئىشقا بارغاندا ياكى باشقا بىرەر سورۇنغا بارغاندا شىم - كاستيۇم كىيىمەن، گالستۇك باغلايمەن، سافادا پۇتلىرىمنى سوزۇپ ئولتۇرۇشۇم مۇمكىن؛ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە مىللىي تون چاپىنىمنى كىيىپ، تاتامىدا يۈكۈنۈپ ياكى پەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشۇم مۇمكىن، دېگەن. بۇ ئەھۋال ياپونىيىگە بېرىپ باقمىغان ئادەمدە: ئۇ يەر غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يوپۇرماقلىرى چىقىپ تۈرىدىغان مەدەنىي جەمئىيەت ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھەم ياپونلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن مۇتەئەسسىپ دۆلەت ئىكەن، دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى زوق بىلەن قوغدايدىغان پەزىلەت ياپونىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدەملىرىنىڭ تېزلىشىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەدەنىيەتتە پۈتۈنلەي غەربلىشىپ كېتىشتىن ئۈنۈملۈك ساقلىماقتا.

**3. ھەممە تەرەپلەپ قوبۇل قىلىپ، مەدەنىيەتتە يېڭىلىققا يۈزلىنىش روھىنى نۇرلاندۇرۇش.**

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى يىغىپ، روشەن خۇسۇسىيەتلىك ياپون مىللىي مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش — بۇ، ياپونىيىنىڭ زامانىۋىلىشىشتا ھەممىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئامىللىرىنىڭ بىرىدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيا ئەللىرى زوقلىنىدىغان، ئاپىرىن ئوقۇيدىغان نۇقتىدۇر. ياپون مىللىتىنىڭ تاشقى مەدەنىيەتنى ھەر قانچە كۆپ چىقىملارغا قارىماي ئىمپورت قىلىشتىن مەقسىتى مىللىي مەدەنىيىتىنى سۇندۇرۇش، يەكلەش، خورلاش ياكى ئورنىنى تارتىپ ئېلىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى تاشقى مەدەنىيەتنى چۈشىنىش، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش، تاللاش، ئۇلاردىن پايدىلىنىش ۋە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئىسلاھاتىنى ئىجادىي يوسۇندا ئىسلاھ قىلىش، شۇنىڭ بىلەن مىللىي مەدەنىيىتىنى دۇنيا بويىچە داۋاملىق ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغۇزۇش. «ئېلىپ كىرىش»تىن مەقسىتى «چىقىرىش». «قوشنىنىڭ قوش كۆرۈنىدۇ» دېگەن ماقالىمىز ياپونلاردا ئۆز ئەكسىنى تولىمۇ جايىدا تاپقان دەپ ئېيتساق، بۇ ئوخشىتىشىمىز مۇبالىغە بولماس. زېرەك كۆزەتكۈچىلەر شۇنى ئاسانلا بايقىۋالالايدۇكى، ياپونلار مەدەنىيىتىدە باشقا ئەللەر، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئالامەتلىرى يوق ئەمەس، لېكىن شۇ ئالامەتلەر ئاللىقاچان ياپون مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولۇپ قالغانلىقىغا قايىل بولماي قالمايمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ياپونلار ئۇلارنى ئىخلاس بىلەن كۆچەت ئۇلىغاندەك كۆچۈرۈپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭىلاپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. ياپونىيىنىڭ «تويوتا» ناملىق مەپە ماشىنىسىدا غەربنىڭ «بېنتىس» ماركىلىق مەپە ماشىنىسىنىڭ ئازادىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە «شافرون» ناملىق مەپە ماشىنىسىغا خاس ئېپچىللىق بار، شۇنىڭ بىلەن بىللە ياپونىيە مەھسۇلاتلىرىغا خاس ئېنېرگىيە سەرپىياتى ئاز، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى دېگەندەك ئارتۇقچىلىقلىرى بار؛ شىۋىتسارىيە قول سائىتى ۋاقىت جەھەتتىن توغرا ماڭىدۇ، لېكىن ياپونىيىنىڭ «كاسىئو» ناملىق قول سائىتى بولسا ۋاقىت جەھەتتىن توغرا مېڭىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى زامان خەلقىنىڭ پىسخىك تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق

شەكلى چىرايلىق، باھاسى ئەرزان؛ ياپونىيىگە تېلېۋىزور دەسلەپتە ئامېرىكا ئىشغالىيەتچى قوشۇنلىرى ئارقىلىق كىرگەن، لېكىن ئون يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا ئامېرىكىلىقلار ياپونلار ئىشلەپچىقارغان تېلېۋىزورغا ئاشىق بولۇپ قالدى؛ ياپونىيىدە كارخانىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى غەلىتە «بىرىكمە» بولۇپ، ئۇ «بىرىكمە» غەربنىڭ «تايىنۇر تۈزۈمى»گە خاس مېخانىزمدىن، «Y نەزەرىيىسى» ⑦ خاس ئەدەب - ئەخلاقتىن، جۇڭگو خەلقىگە خاس كوللېكتىپچىلىكتىن، ئامېرىكىلىقلارغا خاس كونسېرۋاتىپلىقتىن ۋە ياپونلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېڭىلاش روھىدىن تەركىب تاپقان. دېمەك، ياپونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى دوراش ئەمەس، بەلكى ئىجادچانلىقتۇر ۋە باشقا ئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنگەندە ۋە قوللانغاندا ئۆزىنىڭ مىللىي خۇسۇسىيەت - بەلگىلىرىنى يوقاتماسلىق قابىلىيىتىدۇر. ياپونىيىدە ھەر قانداق كارخانىدا مۇنداق بىر ھەرىكەت مىزانى دەستۇر قىلىنىدۇ: بىرىنچى ماشىنا - ئۇسكۇنە چەتتىن ئېلىنىدۇ، ئىككىنچى ماشىنا-ئۇسكۇنە ئۆزىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئۈچىنچى ماشىنا-ئۇسكۇنە چەتكە چىقىرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، چەتتىن ئالغاندا شۇ چەت ئەلگە يېتىشىۋېلىش مەقسىتىگىلا يەتكىلى بولىدۇ، ئۆز قولى بىلەن ئىجاد قىلغاندا ئاندىن ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، چەتتىن ئېلىش پەقەت تېخىمۇ ئوبدان ئىجاد قىلىشنىڭ ئاسان يولى ھەم ۋاستىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

شەك يوقكى، ياپون خەلقى دوراشنى ئار - نومۇس دەپ قارىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار يېڭىلاشنى ئەس - يادىدىن چىقارمايدۇ؛ ياپون خەلقى زېرەكمەي ئۆگىنىدۇ، ئۆز قولى بىلەن ئىجاد قىلىشقا تېخىمۇ خۇشتار. تېخىمۇ قەدىرلەيدىغىنى شۇ يەردىكى، ياپون خەلقى چەت ئەل مەدەنىيىتىنى ئىمپورت قىلغاندا، بەزى نۇقسانلىرىنى كۆرۈپلا شۇ مەدەنىيەتتىن بىزار بولۇپ ئولتۇرماستىن، بەلكى ئۇنىڭ «قۇسۇر»لىرىنى تاشلاپ، «جەۋھەر»لىرىنى نۇرلاندۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ ئۆزى جەۋھىرىمۇ، قۇسۇرىمۇ بار بىر نەرسە، گەپ ئىمپورت قىلغۇچى-قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ قانداق پەرقلەشكە باغلىق. ياپون مىللىتىنىڭ چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتكە مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى ئىبرەت ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

**4. ئىشنى مەدەنىيەتتىن باشلاپ، دۆلەتنى پەن - تېخنىكا بىلەن گۈللەندۈرۈش يۆنىلىشىدىن** تايماي مېڭىش. ياپونىيە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا يەر بىلەن يەكسان بولدى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ ھالى تولىمۇ خاراب ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياپون مىللىتى ئۆز ۋاقتىدا دۇچ كەلگەن ھەممىدىن مۇھىم مەسىلە قايتا باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن قايسى يولنى تاللاش مەسىلىسى بولدى. يولنى تاللىدى، بۇ يول: مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «مەدەنىيەتلىك دۆلەت» بەرپا قىلىش! بۇ ھەقىقەتەن يىراقنى كۆزلىگەن، تولىمۇ ئاقىلانە تاللاشتۇر. ياپون مىللىتى مالىيە خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالغان، خەلقى بىر نانغا زار بولۇپ قالغان، ھەممىدە مۇھتاجلىققا چۈشۈپ قالغان بىر ھالەتتە، ئامال قىلىپ كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ سېلىش، ھەممە ئادەم يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكنى تېجەش يولىنى تۇتتى. «ياپونىيىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن مائارىپتىن باشقا يول يوق» — بۇ، خەلقىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ساداسى. دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ روناق تېپىشى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلىمگە زىچ

مۇناسىۋەتلىك تەدبىر جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چوڭ - كىچىك بىردەكلا شۇنداق ئوخشاش چۈشەنچىگە كېلىشىنى ئىنسانىيەت دۇنياسىدا كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال دېيىش مۇمكىن. ياپونىيە «ئىشنى مەدەنىيەتتىن باشلاپ، دۆلەتنى پەن - تېخنىكا بىلەن گۈللەندۈرۈش» يولىنى تۇتۇش نەتىجىسىدە، ئاز ۋاقىت غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن بولسىمۇ، تېزلا قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىشقا، باياشات ياشاشقا باشلىدى. ياپونلار ماددىي باياشاتلىققا ئىنتىلىش بىلەن تەڭ مەنىۋى مەئىشەتكىمۇ ھارماي - تالماي تەلپۈنۈشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇلار ئىلىم - بىلىمنىڭ بارغانسېرى كۆپ بايلىق يارىتىپ بېرىدىغان ھايات بەخش بۇلاق - مەنبە ئىكەنلىكىنى، ئىلىم-بىلىم كامالىتىگە يەتكەندىن كېيىن پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىققا ئايلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. ياپون مىللىتى ئەنە شۇنداق بايلىقنى قېزىپ ئالماقتا، ئۇلاردىن بەھرىلەنمەكتە ۋە شۇنداق بايلىقنى بارغانسېرى كۆپەيتمەكتە. ھازىرقى كۈندە ياپون مىللىتى ئالىي مائارىپنى دۇنيا بويىچە ھەممىدىن كۆپ ئومۇملاشتۇرغان مىللەت بولۇپ قالدى. ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەلۇماتلىق، مەدەنىيەتلىك، كەسىپكە جان كۆيدۈرىدىغان ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيىلەش ياپون ئاتا - ئانىلارنىڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ۋەزىپىسىدۇر، ئۇلار بالا - ۋاقىلىرىغا قالدۇرۇش ئۈچۈن «راھەتلىك ئۆي - جاي» ۋە بەخشەندە— مىراس ھازىرلاش كويىدا ئەمەس، پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇش كويىدا ئىشلەيدۇ. ياپونىيەدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان باللارنىڭ ياتاق ئۆي شارائىتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ 60 - 70 پىرسەنتىنىڭ ئايرىم «ئۆگىنىش ھۇجرىسى» بار. ياپونلاردا ئىلىم - بىلىم ئۆگىنىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان؛ ئۆگىنىشنى خالىمايدىغان، ئارقىدا قېلىشتىن، قاتاردىن چىقىشتىن ئەندىشە قىلمايدىغان ئادەملەر ئاز ئۇچرايدۇ. ياپون خەلقىنىڭ مەدەنىيەتنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىدىغان مىللەت ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇنداق مىساللاردىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ياپونىيە سانائەت دوكالىرىنىڭ بىرى، «سونىي» كومپانىيىسىنىڭ ئاساسچىسى جىنشىڭدا گەپنىڭ توغرىسىنى قىلىپ: ياپونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ بىردىنبىر سىرى ئادەملەرنى زېھنىي ئىقتىدار جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت، دېگەن.

ياپونىيىنىڭ تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرى كەمچىل، لېكىن ئالدى بىلەن ئەقلىي بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، پۈتمەس-تۈگىمەس مەنپەئەت ئالماقتا. ياپونىيە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا تەرەققىي تاپقان مەدەنىيەت-مائارىپتىن خالىي ئەمەس، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئالدىدا يېتەكلەپ ماڭىدىغان مىللىي مەدەنىيەت پىسخولوگىيىسىدىن خالىي ئەمەس، ئالدىنقى قاتاردىكى پەن - تېخنىكا ۋە يۈكسەك دەرىجىلىك مەھسۇلات - ئۈسكۈنە ئەنە شۇ ئالدىنقى قاتاردىكى مەدەنىيەت پىسخولوگىيىسىنىڭ سەمەرىسىدۇر. «يېڭىلىققا سەئىي قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئۇلۇغ شۆھرەتتۇر» — «سونىي» كومپانىيىسىنىڭ ئېلانلىرىدىكى بۇ مۇقەددىمىمۇ ياپون مىللىتىنىڭ مىجەزىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەسمۇ؟!

تىرىشىش، قېتىرقىنىش، زېرىكمەي ئۆگىنىش، يېڭىلاشقا - ئىسلاھ قىلىشقا ئىنتىلىش، ئىجاد قىلىش... — بۇلار شەكسىزكى، ياپون مىللىتىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىدۇر. ياپونىيىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش تەجرىبىلىرى دۇنيانىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى تارتماقتا، بۇنىڭدا گەپ يوق. ياپون مىللىتى

نېمە ئۈچۈن ئېسىل پەزىلەتلىرىنى نۇرلاندۇرۇشتا ۋە زامانىۋىلىشىش جەھەتتە شۇنچە ياخشى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ؟ گەپ ئەنە شۇ يەردە. بۇنىڭ سىرى، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، «ئىشنى مەدەنىيەتتىن باشلاپ، دۆلەتنى پەن - تېخنىكا بىلەن گۈللەندۈرۈش» تا ياپونىيىنىڭ زامانىۋىلاشقان كاتتا «بىنا» لىرىنىڭ ئۇلى ئەنە شۇنداق مەزمۇت ۋە كامال تاپقان مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسىدۇر. شۇنداق ئېسىل مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسى ۋە شۇنداق مول مەدەنىيەت سەرمايىسى بولمىغان بولسا، دەرۋازىنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى، تاشقى مەدەنىيەتنى ئۆزلۈكىدىن ئەكىرىشى ۋە قوبۇل قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز ئەھۋالىغا مۇناسىپ ئىسلاھ قىلىشى، قايتا ئىجاد قىلىشى قىيىن ئىدى، ھەتتا ئەسلى - ۋەسلىنى ئۇنتۇپ، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلىشى، يات شەيئىلەرنى قارا - قويۇق قوبۇل قىلىپ سىڭدۈرەلمەي، نېمەددىن نەپ، بۇردا چىقسا، شۇنىڭغا يامىشىدىغان بۇرۇدكەشلىك قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

ياپون مىللىتى ھەقىقەتەن يىراقنى كۆزلەيدىغان، ئالغا ئىنتىلىدىغان مىللەت. ئۇلار بىر زامانلاردا باشقىلاردىن ئارقىدا ئىدى، لېكىن ئارقىدا قېلىشقا تەن بەرمەي ئۆزىگە خاس سۇباتلىقى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ئالدىنقى قاتارغا ئۆتمەكتە. ياپونىيە «داخۋا ئىسلاھاتى» دا جۇڭگودىن ئۆلگە ئالغان ئىدى، «مىجىي يېڭىلىقلىرى» دەۋرىدە بولسا، جۇڭگو ئىسلاھات قورالىنى ياپونىيىدىن ئىزلىدى. ياپونلار «مىجىي يېڭىلىقلىرى» دەۋرىدە غەربتىن ئۆلگە ئالغان ئىدى، مانا ئەمدى غەرب ياپونىيىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭغا قول بەرمەكتە. ياپونلار زامانىۋىلاشتۇرۇش ئارزۇسىغا يېتىپ، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئۆلگە ئالغىدەك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۆلگىسىنى ھازىرلاپ بەرمەكتە. ياپون مىللىتى شۇنداق ئابرويغا ئېرىشىشكە مۇناسىپ. دەرۋەقە ئۇلارمۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز ئەجىر قىلمىدى: ئىسلاھاتنىڭ قاتتىق تولغىقىنى يېدى، ئەدەب-ئەخلاقتا غەيرىي-غەيرىي ئۆزگىرىشلەرگە دۇچار بولدى، كونا مەدەنىيەت سىستېمىسى بۇزۇلدى، شەخسىيەتچىلىك ۋە راھەتپەرەسلىك زەخمەتلىرىگە يولۇقتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساناڭەتنىڭ بۇلغىنىشى، شەھەرلەردىكى قىستاڭچىلىق، ۋەھاكازا. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا نۇقسانسىز ئادەم بولمايدۇ، دۇنيادا نۇقسانسىز دۆلەت بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ياپونلارنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇغاندا، ئۇلارنىڭ قۇسۇرلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ياپون خەلقى ياپونىيىنى ئۆز ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ئىجادىي يوسۇندا زامانىۋىلاشتۇرماقتا. زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەر قانداق دۆلەت، ھەرقانداق مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىگە مۇۋاپىق زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ياپونىيىنىڭ مەدەنىيەت نۇسخىسىدىن ئۆلگە ئالسا ئەجرىسى زايە كەتمەسلىكى مۇمكىن. ھازىر بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا بىردەم قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىمەكتىمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىمىزگە ۋە جاپاغا چىداپ تىرىشىش روھىمىزغا سۈيۈنۈپ، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلساق، باشقا ئەللەرنىڭ، شۇ جۈملىدىن ياپونلارنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇزۇن يىلنى قىسقارتساق، ئۇ ھالدا ئۆزىمىزگە ياردىشا نۇسرەت تېپىپ، ئۆز نىشانىمىزغا — يۈكسەك سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەدەنىيەت يارىتىش نىشانىمىزغا قىسقىراق ۋاقىت ئىچىدە ئۈنۈملۈك يېتىپ بېرىشىمىزدا شەك يوق.

1992 - يىل 20 - ماي، ئۈرۈمچى

## ئىزاھلار

① مەدەنىيەت — بۇ سۆز ماقالىمىزدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، يەنى بەدەۋىيەت دەۋرىدىن مەدەنىيەت دەۋرىگە ئۆتۈش داۋامىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلار ۋە تەرەققىيات دېگەن مەنادا قوللىنىلدى.

② «داخۋا ئىسلاھاتى» — ياپونىيىنى قۇللۇق تۈزۈمىدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە كۆچۈرگەن مەشھۇر سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھات. قۇلدارلىق ھاكىمىيىتىنى

ئاغدۇرۇپ تاشلىغان يېڭى ھاكىمىيەت مىلادىيە 646 - يىلى ئۆزىنىڭ يىلنامىسىنى «داخۋا» دەپ ئاتاپ، قۇلدارلارنىڭ يەر - مۈلكىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىپ قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇلغان پۇقرالارغا چەكلىك يەر ئاجرىتىپ بەرگەن، يەر ئالغانلاردىن ئىجارە ھەققى - باج، ياساق ئالغان، پۇقرالارغا ئالۋاڭ سالغان؛ يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىپ، فېئوداللىق ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرغان. سىياسىي جەھەتتە ئاقسۆڭەك، قۇلدارلارنىڭ ئاتا مىراس ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى مەركەزدىلا بولىدىغان دۆلەت تۈزۈمىنى ئورناتقان. بۇ ئىسلاھات قۇلدارلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقلىرىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يېرىم ئەسىر ئىزچىل كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە قۇلدارلارنىڭ مەغلۇب بولۇشى، فېئودال تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن تاماملانغان (خەنزۇچە «قىسقىچە دۇنيا مەلۇماتى لۇغىتى»، خۇبېي خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل، 3 - ئاي نەشرى، 789 - بەتكە قاراڭ).

③ «مېيجى يېڭىلىقلىرى» — ياپونىيە تارىخىدا 1868 -، 1873 - يىللىرى داۋام قىلغان دەۋرىي ئەھمىيەتلىك بۇرژۇئازىيە ئىسلاھات ھەرىكىتى. يىلنامىسى «مېيجى» دەپ ئاتالغان بۇ ھەرىكەتتە فېئوداللىزم ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، بۇرژۇئا ئىسلاھاتى يولغا قويۇلغان. يەنى مېيجى ھۆكۈمىتى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردە تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ فېئودال دەرىجە تۈزۈملىرىنى بىكار قىلىپ، كاپىتالىستىك تۈزۈملەرنى بەرپا قىلغان، مائارىپ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، ئىختىساسلىق ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ھەرىكەت ياپونىيىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (خەنزۇچە «قىسقىچە دۇنيا مەلۇماتى لۇغىتى» 804 - بەتكە قاراڭ).

④ «مەدەنىيەتتە تۇرغۇنلۇق» — مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىش جەريانىدا مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى تەرەققىياتتىن توختاپ، «كونا ئىز» غا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئىقتىساد نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇنداق ئەھۋال مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىساد تەرەققىياتىدىن كېيىن قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەنە شۇنداق تۇرغۇنلۇق ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ، توسقۇنلۇق بولىدۇ (خەنزۇچە «مەدەنىيەتشۇناسلىق لۇغىتى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتىنىڭ 1988 - يىل 8 - ئاي نەشرى، 149 -، 150 - بەتلىرىگە قاراڭ).

⑤ «يۈەن ھەزرىتىنىڭ قىسسىسى» — ئاپتور زىشۇبۇ خانىم ئوتتۇرا تەبىقىدىكى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن تارتىپ دادىسىدىن خەنزۇچە تىل - يېزىق ئۆگەنگەن، جۇڭگونىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى، بولۇپمۇ بەي جۈيىنىڭ شېئىرلىرىنى پىششىق ئوقۇغان. بۇلاردىن باشقا، بۇددا كىتابلىرىنىمۇ چوڭقۇر ئۆگەنگەن، مۇزىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى قايسى يىللىرى يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئومۇمەن 1001 -، 1008 - يىللىرى يېزىلغان. خەنزۇلارنىڭ تۇنجى رومانى «ئۈچ دۆلەت قىسسىسى»، «سۇ بويىدا» لاردىن 300 قانچە يىل ئىلگىرى، ئەرەب — پارسلارنىڭ رومانى «ئەلف لەيلى» («مىڭ بىر كېچە») دىن 200 قانچە يىل كېيىن يېزىلغان (خەنزۇچە «يۈەن ھەزرىتىنىڭ قىسسىسىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىگە باھا» يى ۋېنچۇ يازغان، «خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى» نىڭ 1989 - يىل نەشرىگە قاراڭ).

⑥ خەنزۇچە «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، 3 - بەتكە قاراڭ.

⑦ Y نەزەرىيىسى — بۇرژۇئا ئەخلاق نەزەرىيىلىرىنىڭ بىرى. بۇ نەزەرىيە بويىچە قارىغاندا: ئەمگەك قىلماق خۇددى ئويۇن - تاماشاغا ئوخشاش تەبىئىي بىر ئىش، ئادەم ئەمگەك قىلىشتىن ھوزۇر ئالىدۇ؛ ئادەم يۈكسەك دەرىجىدىكى تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، بۇ ئىقتىدارلىرىنى ئەمگەك قىلىش داۋامىدا جارى قىلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ ئادەملەر ئۆزى بىرەر نىشاننى قارارلاشتۇرۇپ، ئۆزى تىرىشىپ شۇ نىشانغا يېتىپ بارىدۇ، بۇ يولدا جاۋابكارلىقتىن باش تارتمايدۇ، باشقىلارنىڭ ھەيدەكچىلىكىگە قاراپ تۇرمايدۇ؛ زامانىۋىلاشقان جەمئىيەتتە ئادەمنىڭ شۇنداق ئەقىل - پاراسەتلىرى تېخى تولۇق جارى بولۇپ كەتمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى شۇكى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىش پۇرسەتلىرىنى، ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىشى لازىم، ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرۇش چارىلىرى بىلەن سىقىپ - سىقىپ قويماسلىقى لازىم (خەنزۇچە «يېڭى ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىدىن قوللانما»، خۇبېي خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 459 - بەتكە قاراڭ).




## ئاپتونوم رايون بويىچە 2- قېتىملىقئۇيغۇر 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

**ئىسمائىل ئەھمەد تەبرىك خېتى ئەۋەتتى، تۆمۈر داۋامەت مۇھىم سۆز قىلدى**

ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە مۇقام يۇرتى يەكەن ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان 12 مۇقام ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ھەقىقىي مەنىدىن ئالغاندا، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىملىك 


(1922- يىل 4- سان، ئومۇمىي 13-سان)

ىدىكى بەدىئىي قامۇس، غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى، شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق، شۇنداقلا جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك، بىباھا مىراس. ئۇ ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي، ھوزۇر ئېلىش ۋە ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە. قەدىمكى پارلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىسى، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۈلتاجىسى ھېسابلانغان 12 مۇقام قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي ھاياتىغا، پىسخولوگىيىسىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەرنى ئىجتىمائىي ھەققانىيەتكە تەلپۈنۈشكە، پاك مۇھەببەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئۇ مەزمۇن، شەكىل، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتلەردىكى ئىلمىيلىكى، ئاممىۋىلىقى، چىنلىقى، تەسىرچانلىقى، شوخلۇقى، خىلمۇ خىللىقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا يۇقىرى شۆھرەتكە ھەم يۈكسەك ئېتىبارغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. ئۇ ئەخلاق ئىلمى، پىسخولوگىيە ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ئىلىملىرى بىلەن زىچ بىرىككەن مۇكەممەل ئىلمىي سەنئەتلىك رولىنى، شۇنداقلا مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى

بېيىتىدىغان، خەلقنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، سەنئەت ھوزۇرىنى ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئەنگۈشتەرلىك رولىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دېدى: 12 مۇقام قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى ناخشا ۋە مۇزىكا شەكلى ئارقىلىق تارقىتىپ كەلگەن ئىدى. تارىختىن بۇيان فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ نابۇت قىلىشى تۈپەيلىدىن، پارچىلىنىش، ئۇنتۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ، 12 مۇقام يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئىدى. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ قىممەتلىك مۇزىكا بايلىقىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، 12 مۇقام يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. سەنئەتكارلىرىمىز، ئالىملىرىمىزنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى، ئىشلىشى ئارقىلىق، 12 مۇقامنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش، لېنتىغا ئېلىش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىنىپ، 12 مۇقامنى تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن غەلىبىلىك تاماملاندى. بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئېلىمىز خەلقىنىڭ كلاسسىك مىللىي سەنئەت ساھەسىدىكى غايەت زور زەپەر تەنتەنىسى.

تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دېدى: مۇقام تەتقىقاتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. 12 مۇقامنى قېزىش، توپلاش، تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەپ چىقىش خىزمىتى تاماملانغان بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك مۇقاملارنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ، مۇقام تەتقىقاتى تېخى دەسلەپكى باس-

قۇچتا تۇرماقتا. شۇڭا بىز ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىنىڭ «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» پرىنسىپى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، 12 مۇقامدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسىمىزنى ھازىرقى زامان سەنئىتىمىزنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە قەدىرلىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز، ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز، يېڭى دەۋر سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن خۇرۇچ قىلىشىمىز، مۇقامنىڭ ئېسىل ئامىللىرىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىغا سېلىشىمىز، مۇقامنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنىڭ شەكلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي شەكىل تەلەپ بويىچە قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىپ، خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە ھوزۇرلىنىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئۇلار ياقتۇرىدىغان، دەۋر روھىغا باي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەملىشىمىز لازىم.

ئۇ مۇنداق دېدى: مۇقام ئىلمىي تەتقىقاتى ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى مول مەزمۇن بىلەن بېيىتىپ، شىنجاڭنىڭ

ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى ۋە پۈتكۈل مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈپ، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك چاقىرىلىشىنى كۈتۈۋالايلى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيۇم باۋۇدۇن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئەۋەتكەن تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فېڭ داجېنمۇ سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇقام تەتقىقاتى خىزمىتى توغرىسىدا توختىلىپ، مۇنداق تۆت جەھەتتىكى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1) مۇقام تەتقىقاتىدا ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىلمىي نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. 2) مۇقام تەتقىقاتىدا ئىلمىيلىك پرىنسىپىغا چوقۇم ئەمەل قىلىش لازىم. 3) مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقام نەغمە، ئۇسسۇللىرىدىكى «كونىدىن يېڭىنى يارىتىش» ئەمەلىيىتىدە «ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش، بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. 4) ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك ئالىم، مۇتەخەسسىس، سەنئەتكارلار، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىن مۇقام تەتقىقاتىغا دائىر 95 پارچە ئىلمىي ماقالىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن 75 پارچىسى چوڭ يىغىن ۋە گۇرۇپپا يىغىنلىرىدا ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

يىغىنغا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلايۇۋ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قەمبەرخان ئەمەت ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى روزى ھوشۇر قاتارلىقلارمۇ قاتناشتى.

غەيرەت ئابدۇللا

## مۇقام ئۇستازى ئامانىساخان ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش ۋە يېڭى ياسالغان قەبرىگاھىغا لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مەشھۇر مۇقام ئۇستازى، شائىرە ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلى مۇقام يۇرتى يەكەن ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى غەزدىگەرلىك باغچىسىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى. ئامانىساخان ھەيكىلىنىڭ ياسىلىپ پۈتۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن 8- ئاينىڭ 5- كۈنى چۈشتىن كېيىن يەكەن ناھىيىسىدە داغدۇغىلىق يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت قىزغىن تەنتەنە ۋە شاد - خۇرام مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئامانىساخان ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى ۋە يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىغا

بېغىشلاپ يازغان «زەرەپشان بويىدىكى شادلىق كۈلكىسى» ۋە «ياڭرا مۇقام» ناملىق ئىككى پارچە شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى.

يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيۇم باۋۇدۇن سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن 400 يىللارچە ئىلگىرى، مەشھۇر مۇقام ئۇستازى ئامانىساخان مۇقام ئۇستازى قىدىرخان بىلەن بىللە ئون نەچچە يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، 12 مۇقامنى توپلاش، رەتلەش، بېيىتىش ۋە كۈي شەكلى بويىچە يۈرۈشلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنى بىر پۈتۈن، مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە چوڭ ھەجىملىك مۇزىكا قامۇسى قىلىپ رەتلەپ چىققان. ھازىر بىز ۋارىسلىق قىلىۋاتقان 12 مۇقام ئەنە شۇ مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ ئۆلمەس تارىخىي تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قېيۇم باۋۇدۇن مۇنداق دېدى: بۈگۈن بىز مۇقام ئۇستازى ئامانىساخاننىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى قەدىرلەپ ۋە ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەيكىلىنى تۇرغۇزغان ھەمدە تەنتەنىلىك ھالدا ھەيكەل يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان چېغىمىزدا، چوقۇم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىغا توغرا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن رەئىس تۆمۈر داۋامەت يەكەن ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى «ئالتۇنلۇقۇم» قەبرىستانلىقىدا مۇقام ئۇستازى ئامانىساخاننىڭ يېڭىدىن ياسالغان قەبرىگاھىنىڭ پۈتۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كەستى.

يوپۇق ئېچىش ۋە لېنتا كېسىش مۇراسىملىرى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئارتىسلىرى ئورۇندىغان ياڭراق مۇقام ساداسى، ناخشا - ئۇسسۇللىرى، شائىرلارنىڭ ئوتلۇق دېكلاماتسىيىلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاخىرىدا كوللېكتىپ ساما ئۇسسۇلى ئوينالدى.

يوپۇق ئېچىش ۋە لېنتا كېسىش مۇراسىملىرىغا ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ئابلايوۋ، فېڭ داجېن، قەمبەرخان ئەمەت، روزى ھوشۇر قاتارلىقلار، 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر 12 مۇقامى تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقانلار ۋە يەكەندىكى 5000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسى قاتناشتى.

غەيرەت ئابدۇللا





# سالام بېرىشىپ يۈرۈش ئەملەك بىلىش قەدىر



كېرىم ئەھمەد

## ئىنسانىلىقنىڭ ئالىي بەلگىسى

بىر شائىر دوستلىرىغا يازغان خېتىنىڭ بې-شىغا:

«يۈزلىرى پەلەك گۈمبىزىدە ئۇلۇغلانمىش ئايغا ئوخشاش، كۆزلىرى دېڭىزدىكى ئەڭ قىممەت باھادۇر گەۋھەرلەر دوستلارغا سالام» دەپ يېزىپ، ئىنسان قەدىر ـ قىممىتىنىڭ قانچىلىك يۈكسەك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. دېمەك، ھەر قانداق دېمان ـ ساھىبخانلىق ئالاقىلىرى ئەنە شۇ سالام ۋە سالامنى ئەلىك ئېلىشتىن باشلىنىدۇ.

سالام ـ ئەلىك تارازىسىدىكى شۇنداق بىر نېمەتكى، ئۇنى پەقەت ھۆرمەت تېشى بىلەنلا ئۆلچەش مۇمكىن. سالاملىشىش، ئەھۋال سورىشىش، كۆرۈشۈش ئىنسانغا خاس بولغان ئاجايىپ پەزىلەت، ئىنسانىلىقنىڭ كۆركى، كىشىلەرنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا يېتىلدۈرگەن ئۆز



ئارا ئالاقە پىرىنسىپى، ئەخلاقىي قىياپەتلىرىدىكى نامالارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە ھېسابلىنىدۇ.

قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ تارىخى. قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئىپتىدائىي ئۇرۇقچىلىق دەۋرىدە باشلانغانلىقىنى ئارخېئولوگلار مۇنداق تەھلىل قىلىدۇ: ئىپتىدائىي ئادەملەر بىر - بىرىگە دۇچ كەلگەندە: «مەن سېنى ئۆلتۈرمەكچى ئەمەسمەن، مانا قارا، قولۇمدا تاش يوق» دېگەننى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرگەن، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئەنە شۇنىڭدىن قالغان بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق خەلققە خاس ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادىتى، ئۆزىگە خاس شارائىتى ۋە ئۆزىگە خاس تارىخىي تەرەققىياتى سەۋەبىدىن سالاملىشىشنىڭ يەنە باشقىچە شەكىللىرىمۇ مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، ياۋروپادىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ كۆرۈشۈش ۋاقتىدا باش كىيىمىنى ئېلىپ - كىيىپ قويۇشىنىڭ مەنىسى: مەن ساڭا دوست بولىمەن، بېشىمغا توخماق بىلەن ئۇرمايدىغانسەن، دېگەنلىكتۇر. فېئودالىزم دەۋرىدە ياۋروپا كىنەزلىك ۋە بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت بولغان. بىر كىنەزلىكنىڭ ئادىمى ئىككىنچى بىر كىنەزلىكنىڭ ئادىمىگە يولۇققاندا ئارقىسىدىن كېلىپ بېشىغا توخماق بىلەن بىرنى ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈپ ياكى مۇشىنىزلاندۇرۇپ قويىدىغان. زۆرۈرىيەت تۈپەيلى، بىر كىنەزلىكنىڭ ئادىمى يەنە بىر كىنەزلىككە بارماقچى بولسا، بېشىغا مېتال قالپاق كىيىپ بارغان. ئەمدىلىكتە باش كىيىمىنى ئېلىش – ئۆز ئادىمىڭ بولغۇنۇم ئۈچۈن خاتىرجەم يۈرۈۋاتىمەن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ھىندىستانلىقلار كۆرۈشكەندە ئالقانلىرىنى جۈپلەپ، پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگكۈزۈپ «نەمەشە» دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: «باش ئامان بولسا، ھەمىشە بىز بىلەن بىرگە بولالايسىز» دېگەنلىكتۇر.

ئاۋغانلار بولسا، ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە تەگكۈزۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشىدۇ. بۇمۇ: «بېشىمىز ئامان بولسۇن» دېگەن ئىستەكنى بىلدۈرۈشتۇر.

تىبەتلىكلەر سالاملاشقاندا بىر - بىرىگە قاراپ تىللىرىنى چىقىرىپ كۈلۈمسىرىشىدۇ. چۈنكى تىبەتلىكلەردە كىشىگە قاراپ تىلىنى چىقىرىش ئۆزىگە خاس نازاكەت، ئاددىي ھەرىكەتتىكى زىننەت قارالغاچقا، بۇنداق سالاملىشىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

ھۆرمەتلىك مېھمان ۋە ساھىبخان، بىلىپ قويۇڭكى، بىر - بىرىنى كۆرگەندە سالاملىشىپ، ھال - ئەھۋال سورۇشۇش شۇ كىشىنىڭ تەربىيە كۆرگەنلىكى، خۇلق - مىجەزى، ئادىمىلىكى ۋە خەلقپەرۋەرلىكىنىڭ دەسلەپكى بېشارىتىدۇر. مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك، تەربىيە كۆرگەن كىشى مېھمانغا بارغاندىلا ئەمەس، ئومۇمەن تونۇش - بىلىشلەرنى ئۇچراتقاندىمۇ سەممىي سالاملىشىشنى، ھال - ئەھۋال سورىشىشنى پەرز ھېسابلايدۇ، سالامنى ئىلىك ئېلىشنى بولسا قەرز ھېسابلايدۇ. ئىش پۈتكىچە سالام - سەھەتنى تولۇق، قويۇق قىلىپ، مەقسەتنى ھەل بولغاندىن كېيىن «ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتسە قولىقى نەزىرى» دەپ تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىغان كىشىلەر يۈزسىز، ئەدەبسىز كىشىلەردۇر. ئادەملەرگە سالام بېرىشنى، چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە ئىززەت قىلىشنى ئۆگەتمەيدىغان بىرمۇ ئائىلە يوق. بۇ ئەدەب باغچا ۋە مەكتەپلەردىمۇ ئۆگىتىلىدۇ. دەرسخانىغا مۇئەللىم كىرىش بىلەن تەڭ ئوقۇغۇچىلار «كوررىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئېلىپ ئىھتىرام بىلدۈرىدۇ. ئەسكەر يىگىت كوماندىرنى كۆرگەندە چاس بېرىپ ئۆتىدۇ. بۇلار زۆرۈرىيەتنىڭ ئەمەس، بەلكى ئەدەب ۋە ھۆرمەتنىڭ بەلگىلىرىدۇر ۋە سالاملىشىشنىڭ كەسپكە خاس شەكىللىرىدۇر.

بىراۋغا خەت يازساق گەپنى سالامدىن باشلايمىز. كوچىغا چىققاندا ئۇچرىغان كىشىلەرگە

سالام بېرىپ ئۆتىمىز. دوستلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق توختاپ ئەھۋال سورۇشىمىز. ئىشقا چۈشۈشتىن ئىلگىرى خىزمەتداشلار بىلەن ئۆزئارا سالاملىشىمىز ۋە سالامنى ئىلىك ئالىمىز. دېمەك، ھەر بىرىمىزنىڭ ھەر كۈندە ئونلارچە ۋە يۈزلەرچە ئادەم بىلەن سالام - سەھەتىمىز بار. سالام-تۇرمۇش ئىسمىلىك كىتابىنىڭ سەرلەۋھىسىدۇر. مەلۇمكى، سەرلەۋھە بىلەن تونۇشقاندىلا كىتابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىش مۇمكىن.

## سالام بېرىلمەيدىغان پەيتلەر

ھاياتتا شۇنداق ھاللارمۇ سادىر بولىدۇكى، بىراۋلارغا سالام بەرگەندىن كۆرە سالام بەرمەيلا قويۇش، كۆرمەسكە سېلىش تۈزۈكرەكتۇر. تونۇش بولسىمۇ، ئەخلاقنى ساقلىمىغان، جامائەت تەرتىپىنى بۇزغان، بەتقىلىق، ئادىمگەرچىلىكتىن چىققان، ئەل نەزىرىدىن چۈشكەن شەخسلەرگە سالام بەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى بۇنداق شەخسلەر ئۆز قەدرىنى بىلمەيدۇ. ئادىمىلىكنى ئۇنتۇغان بولىدۇ. سىزنىڭ سالىمىڭىزنىڭمۇ قەدرىگە يەتمەيدۇ. سالىمىڭىزغا ئېتىبارسىز قارايدۇ ياكى ئىلىك ئالمايدۇ. ئەخلاقسىز، دىتسىز، تەنتەك كىشىلەرگە سالام بېرىپ ھۆرمەتلىسىڭىز، ئۇلارنىڭ نوخىلىرى ئۆرلەپ، قىلغان ئىشىم توغرا ئىكەن - دە، دەپ كىبىر - تەمەننا قىلىقلىرى ۋە يامانمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنداقلارغا نىسبەتەن جامائەتچىلىك سالام بىلەن ئەمەس، نەپرەت بىلەن ئۆز قارىشىنى ئىپادىلىمەك دۇرۇستۇر.

تەگتۇشلارنىڭ سۆھبىتى قىزىپ تۇرغاندا ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن بىر چەتتە ئەدەب ساقلاپ تۇرماق كېرەك. يەنە جامائەت جەم بولغان سورۇنغا كېچىكىپ كېلىپ، ھەممىنى بىسەرەمجان قىلىپ، ئورۇنلىرىدىن قوزغاپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش شەرت ئەمەس. بۇنداق پەيتتە قولنى كۆكرەككە قويۇپ: «كۆرگىنىمىز - كۆرۈشكىنىمىز» دېيىش كۇپايىدۇر.

قول يۇيۇلۇپ بولغاندا، تاماق يېۋاتقاندا قول بېرىلسە، كىشىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ياشتا چوڭ ئادەم ئالدىدا قول ئۇزاتمىغىچە قول تەگلەپ كۆرۈشۈشمۇ ئەدەبسىزلىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر. يۇقىرىقىدىن باشقا ئەھۋاللاردا سالاملىشىشنى زۆرۈر بىر ئادەت دەپ قاراش كېرەك

## سالاملىشىشنىڭ. بۇزۇلۇش ھاللىرى

ئادەملەر ئۆز ئارا سالاملاشقاندا ناھايىتى نازۇك پسىخولوگىيىلىك ھالەت يۈز بېرىدۇ. ئەھۋال سورىشىۋاتقانلارنىڭ ئوي - خىيالى، خاراكتېرى، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى، ئىچكى ھېسسىياتى، ئاشۇ پەيتتىكى كەيپىياتى ھەتتا كۆرۈشكۈچىگە سالام بەرگەن چاغدىكى مۇئامىلىسى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان پەرقى «مانا مەن» دەپ بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن ئۈچۈن ئالايلى، كۆرۈشۈش دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى - كۆز - كۆزگە چۈشۈش، بىر - بىرىگە قاراپ سەمىمىي قول ئېلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، سىزگە ئامالسىز ھالدا قول سوزۇپ، ئۆزى باشقا ياققا قارايدۇ. خەلق ئارىسىدا «چەتكە قاراپ تۇرۇپ قول بەرگەن كىشىدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ» دېگەن گەپ بار، بۇ ئېھتىمال توغرىدۇ. بۇنداق ئادەم باشقىلارنى سۆيمىگىنى ئۈچۈن ئاشۇ قىلىقى بىلەن «سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق» دېگەننى ھەرىكىتى بىلەن ئىپادە قىلىدۇ.

بەزى ئادەملەر سالاملاشقاندا كىشىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ (سىقىپ)، قاتتىق سىلكىپ كۆرۈشكۈچىنى بىزار قىلسا، يەنە بەزى ئادەملەر ئۇنىڭ ئەكسىچە قولىنىڭ ئۇچىنى بېرىپ، سوغۇققىنە

كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپنى مەنسىتمىگەنلىكىنى ۋە ئەدەبسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا سالام - سەھەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. سالام - سەھەت شۇنداق مۇقەددەس نەرسىكى، ئۇنى بۇزۇش جىنايەت ئۆتكۈزگەن بىلەن تەڭدۇر. سالامنىڭ بۇزۇلۇشى يەنە تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا يۈز بېرىشى مۇمكىن:

بېخىل سېخىينى، نادان دانانى، ئەدەبسىز ئەدەبلىكنى، مۆرىدەس خۇشچاقچاقنى، ئېقتىدارسىز ئېقتىدارلىقنى، گۇناھكار دىيانەت ئەھلىنى، ئەخمەق ئاقىلنى، مۇناپىق ئالىيجانابنى كۆرگەندە يۈرىكى سىقىلىپ، قېنى ئايلىنىشتىن توختاپ، رەڭگى سارغىيىپ، يۈزىدىكى تەبەسسۇم چىرايىنى كۆڭلىدىن قوتراپ چىققان ھەسەت شامىلى بىلەن ئۆچۈپ قالىدۇ. بۇمۇ سالام - سەھەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن چىقىشالماسلىقى ئېنىق. ئادەملەرنىڭ مىجەزلىرى كېلىشكەندە سالام - سەھەت بۇزۇلمىغان ھالدا ئەدەب - ئەخلاق ۋە دىل ساخاۋىتىنىڭ ئەتەل زاكالىتىگە مۇجەسسەملىكى يورۇقلۇققا چىقىدۇ.

بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشقا ئۆگەتسەك، ئۇلار چوڭ بولغاندا، ئەخلاق ساھىبى بولۇپ يېتىشىدۇ. بۇمۇ دەسلەپتە سالام بېرىشتىن باشلىنىدۇ.

ئارىمىزدا تەربىيە كۆرمىگەن، سالام - ئەلىكنى بۇزىدىغان كىشىلەر ئۇچراپ قالسا، دەرھال تەربىيە بېرىپ ياخشى يولغا باشلاش ھەر بىر ئىمانلىق كىشىنىڭ ئىنسانىي ۋەزىپىسىدۇر. ئادەمگەرچىلىك قائىدىسىنى بۇزغان كىشىلەر بىراۋدىن ئاچچىق تەنبىھ ئاڭلىسا سەھۋە-خاتالىقىنى تونۇشى ۋە تۈزىتىشى لازىمدۇر. دانىشمەنلەر توغرا ئېيتىدۇ: «دورا ئاچچىق ۋە بەتبۇي بولىدۇ، كىشىكى كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ يۇتالىسا، دەردىگە شىپا تاپىدۇ» توغرا تەربىيىمۇ كۆڭۈلگە قاتتىق تېگىشى مۇمكىن، لېكىن ھەزىم قىلالىغان كىشىگە پايدىسى زوردۇر.

## ئىنسانلىقنىڭ ئاددىي بەلگىلىرى

ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئەنئەنىلىرى بىر تارىخىي دەۋردە كېلىپ چىقمىغان بولۇپ، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە مېھنەت قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئۆز ئارا ۋە قوشنا خەلقلەر ئارا ئالاقىدا بولۇش، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئامىللار ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ، بارلىققا كېلىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى جۈملىدىن سالام - سەھەت ئادىتىدە نۇرغۇن ئوخشاشلىق شەكىللەنگەن. سالاملىشىشتىكى بۇنداق نەمۇنىلەر تۆۋەندىكى ئادەتلەردە روشەن كۆرۈلىدۇ.

**قول بېرىپ كۆرۈشۈش:** ھەر ئىككىلا كۆرۈشكۈچى ئوڭ قولىنى بىر - بىرىگە ئۇزىتىپ، بارماقلار يۇمشاق تېگىلىپ، يەڭگىل سىلكىنىدۇ. بۇنداق كۆرۈشۈش دوستلىشىش، بىرلىشىش، سىردىشىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بىراۋ بىلەن يېڭى تونۇشقاندىمۇ شۇنداق سالاملىشىدۇ. بۇ، سالاملىشىشنىڭ ئەڭ ئاددىي ۋە ئومۇملاشقىنى بولۇپ، چوڭ - كىچىك ھەممىسى قوللىنىدىغان شەكىلدۇر. دۇنيادىكى باشقا خەلقلەر بىلەن ئۆز ئارا كۆرۈشكەندىمۇ ئومۇمىي ۋە ئورتاق بولغان سالاملىشىش ئادىتىمىزدۇر.

**ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈش:** ھەر ئىككىلا تەرەپ ئىككى قولىنىڭ ئالقانلىرىنى بىر - بىرىگە جۈپلەشتۈرۈپ، بىرقانچە قېتىم يەڭگىل سىلكىپ قويىدۇ. بۇ، كۆرۈشكۈچىلەرنىڭ بىر - بىرىگە بەكمۇ قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ياكى سەمىمىي ھۆرمىتى بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ، قويۇق سالاملىشىشنىڭ بىزدە پەقەت ئەرلەرگە خاس شەكلىدۇر.

**قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش:** قېرىنداشلار، يارۇ - بۇرادەرلەر ۋە بىر - بىرىگە بەك يېقىن ۋە قەدىرلىك بولغان كىشىلەر ئۇزاق مۇددەت كۆرۈشەلمەي ئۇچراشقاندا بېجىرلىدىغان سالاملىشىش شەكلى بولۇپ، بۇنىڭدا ئايال بىلەن ئايال، ئەر بىلەن ئەر، ئانا بىلەن بالا، ئاتا بىلەن بالا، قوشكېزەك بىلەن قوشكېزەك، ئاكا بىلەن ئۇكا، ئاچا بىلەن سىڭىل باغرىنى باغرىغا يېقىپ، بىر - بىرىنى مەھكەم قۇچاقلايدۇ ۋە شۇ پەيتتە ھال - ئەھۋال سوراش بىلەن بىرگە بىر - بىرىگە ياخشى تىلەكلەرنى ئېيتىدۇ. قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا مەيلى ئۇلار قانچىلىك قەدىرلىك بولغان ئەھۋالدىمۇ، ھەتتا ئەر - خوتۇن بولغان تەقدىردىمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدۇ، ئۇيات ھېسابلىنىدۇ.

**چوڭلارنىڭ بالىلار بىلەن كۆرۈشۈشى:** ياشتا چوڭ كىشىلەر (ئەر - ئايال) مېھمان بولۇپ كەلگەن خانىدىكى بالىلار بىلەنمۇ كۆرۈشۈشى شەرت. بۇنداق بولغاندا ساھىبخان خۇرسەن بولىدۇ. كۆرۈشكۈچى بالىلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈش، ئۇنى سىزلەپ مۇناسىۋەتتە بولۇش بىلەن بىرگە «چوڭ بولدىڭىزمۇ»، «ئوقۇشىڭىز ياخشى كېتىپ بارامدۇ؟»، «ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن چىقىشىپ قالدىڭىزمۇ؟» دەپ سورايدۇ. يەلكىسى ياكى پېشانىسىنى سىلايدۇ.

**قولنى كۆكرەككە قويۇپ سالاملىشىش:** بۇ، سالاملىشىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئادەت بولۇپ ئومۇملاشقان. بىر دانا ئاتىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئادەم ئۆزىگە يېقىن، سۆيگەن، ھۆرمەت قىلغان، مېھرىبان، قەدىردان بولغان دوست كىشىنى ئۇچراتقاندا يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ كېتىدۇ، ئوڭ قولىنى سول كۆكرەككە يەنى يۈرەكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ سالاملىشىش ئەنە شۇنداق كېلىپ چىققان ئىكەن. قولنى كۆكرەككە قويۇپ سالاملاشقاندا، باش سەل ئالدىغا ئېگىلگەن ھالدا: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېيىلىدۇ، مەنىسى «سىزگە تىنچ - ئامانلىق تىلەيمەن» دېگەنلىك بولۇپ، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. بۇ، «مەنمۇ سىزگە تىنچلىق - ئامانلىق تىلەيمەن» دېگەنلىكتۇر. سالاملىشىشنىڭ بۇ خىل شەكلى بەش خىل ۋەزىيەت ئاستىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ: (1) كوچا - كويدا تونۇش - بىلىشنى ئۇچراتقاندا؛ (2) ھۆرمەتلىك ئادەمنى ئۇچراتقاندا؛ (3) تونۇش بولمىسىمۇ مويسىپىت، ئىللىق چىراي ئادەمنى ئۇچراتقاندا؛ (4) كۆپچىلىك ئولتۇرغان سورۇنغا كەلگەندە؛ (5) قول بېرىپ كۆرۈشۈش مۇمكىن بولمىغان باشقا ھاللاردا ئەنە شۇ تەرزدە بېجا كەلتۈرۈلىدۇ.

**قول قوشتۇرۇش:** بۇمۇ سالاملىشىشنىڭ خېلى كۆپ تارقالغان شەكلى بولۇپ، ئىككىلا قولنى كىندىك ئۈستىدە قوشتۇرۇپ، بېشىنى سەل ئالدىغا ئەگكەن ھالدا سالاملىشىدۇ. ھال - ئەھۋال سورۇشىدۇ. سالاملىشىشنىڭ ئۇشبۇ شەكلى تۆۋەندىكى تۆت خىل ئەھۋالدا ئەمەلگە ئاشىدۇ: (1) ئالاھىدە ھۆرمەت ساھىبى بولغان مويسىپىت كىشىنى ئۇچراتقاندا؛ (2) توي بولىۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۆپچىلىك مېھمانىنى كۈتۈۋاتقاندا ۋە كۈزىتىۋاتقاندا؛ (3) تەزىيىگە بارغاندا؛ (4) توي، بايرام ۋە باشقا يىغىن داستىخانىغا تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا ياش يىگىتلەر كېلىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشىدۇ. بۇ، «بۇيرۇۋېرىڭ، خىزمەت بولسا بېجىرىشكە تەييارمەن» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

**سۆيۈشۈپ كۆرۈشۈش:** ئاتا - ئانا بىلەن بالىلار، ئاكا - ئۇكىلار، ئاچا - سىڭىللار، ئەڭ يېقىن قېرىنداش ۋە يار - بۇرادەرلەر ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشمەي، تويۇقسىز ئۇچراشقاندا قۇچاقلىشىپ، پېشانىسىگە ۋە ئىككى مەڭزىگە سۆيۈشۈپ كۆرۈشىدۇ. لېكىن بۇ ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

«ھە، تىنچلىقمۇ؟!...»، «سالامەتمۇ؟!» تونۇش - بىلىشلەر بىلەن يول - كوچىلاردا كۆز - كۆزگە چېلىقىشقاندا سورىشىپ ئۆتۈپ كېتىدىغانى جىق. بۇنىڭدا ھەر ئىككىلا تەرەپ بېشىنى ئىگىپ ئۆتىدۇ.

«**باللار چوڭ بولۇپ قالدىمۇ؟!**» تونۇشلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا شۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسى (مەيلى ئەر، مەيلى ئايال) بىلەن سورۇشۇپ ئۆتۈلىدىغان خىتاب. «رەھمەت، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا، چاي قۇيااي» - مانا بۇ بېرىلگەن جاۋاب، تەكلىپ خىتابى.

«**چوڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟**» (بالام، ئوكام ياكى بالىنىڭ ئىسمى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ) چوڭلارنىڭ باللار بىلەن مەلۇم ئارىلىقتا تۇرۇپ سورۇشىدىغان خىتابى. «رەھمەت» قايتۇرۇلىدىغان جاۋاب.

«**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم**»: (ئاتا، تاغا، ھەدە، ئاپا ياكى ئىسمى شەرىپى ۋە نامى شەرىپى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ) - ياشلارنىڭ چوڭلارغا بېرىدىغان سالىمى. بۇنىڭدا ئاۋۋال چوڭ قول ئۇزاتسا، كىچىكمۇ قول ئۇزىتىدۇ. كىچىكنىڭ چوڭغا بىرىنچى بولۇپ قول ئۇزىتىشى مۇۋاپىق ئەمەس.

«**سالامەتچىلىكمۇ، ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ، ئامان - ئېسەن تۇردۇڭلارمۇ؟!**»، «**بالا - چاقىلار تىنچلىقمۇ؟!**»، «**كەم دىدارغۇسىز؟!**»، «**كۆرۈنمەيسىزغۇ؟!**» ئۇزدارا ئۇچراشقاندا بىر - بىرى بىلەن سورۇشۇپ ئېيتىلىدىغان خىتابلار، شۇ خىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىشمۇ ياكى بىر - ئىككىسىنى ئېيتىشمۇ مۇمكىن. بۇۋاي ياكى موماي بىلەن سوراشقاندا ئىسمى - شەرىپىنى قوشۇپ: «سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟» دەپ سورىلىدۇ. «رەھمەت بالام» ياكى «رەھمەت ئوكام، سىڭلىم» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: «مېنىڭ يېشىمغا يەتكەي يېشىڭ» دېگەنلىكتۇر.

«**كېلىڭ، كېلىڭلار**»: مېھماننىڭ قەدەم تەۋرىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېيتىلىدىغان خىتاب. «كېلىڭ» دېگەن خىتابقا مېھماننىڭ ئىسمى - شەرىپى، ئۇنۋانى ياكى قېرىنداشلىق نامى قوشۇپ ئېيتىلىشى لازىم. بۇنىڭغا «كەلدۇق!»، «تىنچلىقمۇ سىلەر؟»، «سالامەتمۇ سىلەر؟» دەپ جاۋاب قايتۇرۇلىدۇ.

«**خۇش كېلىپسىلەرمۇ؟**» كەلگەن مېھمان ئولتۇرغاندىن كېيىن ساھىبخان تەرەپتىن سىلىق تەلەپپۇزدا ئېيتىلىدىغان ئىلتىپات سۆزى. جاۋابى: «خۇش ۋاقىت بولۇڭ».

«**ئوبدان كۆرۈشتۇق**»: ساھىبخان داستىخان سالغاندا ۋە داستىخاننى مېھماننىڭ ئالدىدىن ئالغاندا ئېيتىلىدىغان ئىلتىپات سۆزى. جاۋابى: «خۇش ۋاقىت بولۇڭ».

«**قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟**» ساھىبخان تەرىپىدىن چاقىرىلمىغان ياكى يىراق جايىدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگەن مېھماننى خۇش كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، «ئوبدان كېلىپسىز، ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان ئىدۇق» دېگەن مەنادا سورۇلىدۇ. جاۋابى: «سىلەرنىڭ شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، مەنىسى: «سېغىنىپ، دىدار كۆرۈشەي دەپ كەلدىم» دېگەنلىك بولىدۇ.

«**سوراپ سالام ئېيتتى**»، «**سورىدى**»، «**بىز ئۈچۈن ئەھۋال سوراپ قويۇڭ دېدى**» - مېھمان تەرەپتىن قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەردىن ساھىبخانغا يوللانغان سالاملارنى يەتكۈزۈپ بېرىشتە ئېيتىلىدۇ. جاۋابى: «سالامەت بولغاي»، «رەھمەت» دېيىلىپ، سالام قوبۇل قىلىندى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«**ياخشى چۈش كۆرۈڭ**»: مەلۇمكى، بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا كەلگەن مېھمان ئۆز ئورۇن - تۆشىكى ئۆزگەرتىلگىنى ئۈچۈن ئۇخلىيالماسلىقى، ئارامسىزلىنىشى، يامان چۈش كۆرۈشى، كېچىسى ئويغىنىپ، قايەردە ياتقانلىقىنى دەرھال ئېسىگە ئالالماي بىئارام بولۇشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالغان ساھىبخان مېھمانغا ئورۇن راسلاپ بەرگەچ، ئارامسىزلانماي ياخشى ئۇخلىشى ئۈچۈن ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ ئەنە شۇنداق دەيدۇ.

«ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ؟» ئۇيقۇدىن ئويغانغان مېھماندىن ساھىبخان سورايدىغان ئىلتىپات. مېھمان ياخشى ئارام ئېلىپ، ئوبدان چۈشلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ ياكى ئارامسىزلىنىپ، يامان چۈشلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، بەربىر «ياخشى ئۇخلاپتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېھماننىڭ كېچىدىكى تەشۋىشلىرى ئۇنتۇلغان بولىدۇ.

«خەير»، «ئامان - ئېسەن بولۇڭلار»، «ئاق يول بولسۇن»: مېھمان بىلەن خوشلاشقاندا، ساھىبخان ئىزھار قىلىدىغان تىلەكلەر.

«سورىغانلارغا سالام ئېيتىڭلار»، «سېغىنىپ سالام دېدى دەڭلار»، «مەن ئۈچۈن سۆيۈپ قويۇڭلار»، «بالانچىغا (ئىسمى - شەرىپى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ) بىزدىن سالام دەڭ» — مېھمانغا كېتىۋاتقان كىشى ئارقىلىق يىراق - يېقىندىكى قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست ۋە تونۇش - بىلىشلەرگە سالام يوللاپ ئېيتىلىدىغان خىتاب ئىلتىماسلار.

## سالام مېھرى

بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆرۈشكەن كىشىنىڭ ئۆزى ياكى ئۆيى ئىچىدىن بىرەرسى بىمار بولسا ھالىنى سوراش، غەمكىن بولسا كۆڭلىنى كۆتۈرۈش، ئاۋۇندۇرۇش، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسە تەبرىكلەشكە ئوخشاش ئادەتلىرىمىز بار.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن كۆرۈشۈش، سالاملىشىش، ئەھۋال سورىشىش ۋە ئىلتىپات كۆرسىتىش ئادەتلىرىدە ئادەمگە بولغان يۈكسەك ھۆرمەتنى، ئىززەتنى، ئىللىق تەبەسسۇمنى، مېھرىبانلىقنى، ئادەمگەرچىلىكنى ۋە ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ يالقۇنلۇق تەپتى بار. ئەدەب - ئەخلاق ۋە ئېتىقادنىڭ يۈكسەكلىكىمۇ شۇلار ئارقىلىق نامايان بولىدۇ.

دېمەك، بىز ياشلارنى مېھماندوست، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلىمەكچى بولىدىكەنمىز، سالام - سەھەتنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشنى ئۇنتۇماسلىقىمىز، ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك. سالام مىسالى بىر يېقىملىق شامالغا ئوخشايدۇ. مىجەزى ياخشى ئادەمدىن بولسا، چىمەنزارلىقتا ئوخشاش خۇش ھىد تاراپ تۇرىدۇ. مىجەزى ئوسال ئادەمدىن بولسا، كۆڭۈلنى ئاينىتقۇچى سېسىق پۇراق چىقىدۇ.

سالامنىڭ سېھىرلىكى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: ئەپسانىلاردا ئېيتىلىشىچە، يالماۋۇز كەمپىرگە دۇچ كەلگەن بىر يولۇچى قورققىنىدىن ھولۇقۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ ۋە شۇ قورقۇنۇچ ئىچىدە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن ئىكەن، شۇ چاغدا ئادەمخور يالماۋۇز: «ماڭىمۇ سالام بېرىدىغانلار بار ئىكەن» دەپ ئويلاپ: «ئەگەر سالىمىڭ بولمىغان بولسا، ئىككى يالماپلا يۇتۇۋېتەتتىم!» دېگەنمىش.

بۇ ئەپسانىنىڭ مەنىسى شۇكى: سالام ھەر قانداق ئادەمنىڭ، ھەتتا يالماۋۇزنىڭمۇ دىلىنى يۇمشىتالايدىكەن. چىن دىلدىن سەممىي سالام بەرگەن كىشىنىڭ كۆزلىرىدىكى مېھرىبانلىق نۇرى ۋە يۈزىدىكى تەبەسسۇم سالامنى ئىلىك ئالغۇچىنىڭ دىلىنى روشەن قىلىپ يورىتىدۇ.

سالام بېرىش ۋە ئىلىك ئېلىش ئادىمىلىكنىڭ ئادىي بەلگىسى ئىكەنلىكىنى خەلق ماقاللىرىدىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «بىر كۈن تۇز يېگەن جايغا قىرىق كۈن تاۋاب قىل»، «بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان!»، «ئادەمنىڭ يۈزى ئاپتاپتىن ئىسسىق»، «سالام بېرىش پەرز، ئىلىك ئېلىش قەرز».

ئاپتورنىڭ ئۆزبېكچە «مېھماننامە» ناملىق كىتابىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: قۇربان توختى

ئەي ئوغۇل، ئىشىم ئۆزۈڭگە ئۆزۈك

نەسىھەت قىلغىل ئۆزۈڭنى تۈزۈك تۇتقىن

ئۆزۈڭنى تۈزۈك تۇتۇش ئىشىڭنى تۈزۈك

ئۆگىنەلەيدىغان ئىشقا ئەقلىڭنى ئىشلىتىشنى

سەرپ قىلغىن. تۇرمۇشنى ئۆگەنگىن

ئۆگىنىشكە ۋاقىت يوق دېمە، ھېچقاچان

ۋاقىتنى بوش، بىكار ئۆتكۈزمە. ئەگەر ھۈنەر

ئۆگىنىشكە بىر ھۈنەرۋەن ئادەم تاپالمىساڭ

يەنە بىر ھۈنەر بىلمەس كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قارا

ئۆزىنىڭ قىلغان ياراماس ئىشىنى كۆرۈپ

ئۆگەنگىن ياخشى ئىشنى ئىشلەشكە ئىجتىھات

قىلغىن ھۈنەرۋەن بولسەن.

— «قابۇسنامە»دىن

خەتتات ھاجى ئەھمەت يازغان



قىرو راخمان ئوبۇل فوتوسى



قاناس كۆلى

(ماي بوياق) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال) 1992 - يىل 5 - سان

《新疆文化》 综合性文学双月刊（维吾尔文）

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت
يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك
پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

编辑：《新疆文化》编辑部・出版：新疆维吾尔自治
区群众艺术馆・印刷：《新疆日报》印刷厂・发行：乌
鲁木齐市邮局・订阅：各地邮局（所）・

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/1
ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58. باھاسى 0.50 يۈەن

国内统一刊号：CN 65－1073/ 1
本刊代号：58－22　定价：伍角